# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

7



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋا رەسىمنى سىزغۇچى : مەمەت ئابدۇرېھىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مەمەت نەۋبەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ISBN 978-7-228-12034-5
9 787228 120345 >
定价：12.00元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 7

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔民间故事. 7:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐:新疆人民出版社,2008.11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12034—5

Ⅰ.维… Ⅱ.维… Ⅲ.维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177981 号

策　　划　阿不都热合曼·艾白,艾合买提·伊明
责任编辑　艾合买提·伊明
责任校对　阿布勒孜·阿巴斯 等
封面设计　买买提·诺贝提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　乌鲁木齐八家户彩印有限公司
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　5
版　　次　2008 年 11 月第 1 版
印　　次　2008 年 11 月第 1 次印刷
印　　数　1—5000
定　　价　12.00 元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 7

نەشرگە تەييارلىغۇچى: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئاباس قاتارلىقلار
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
تېلېفون: 2827472—0991
پوچتا نومۇرى: 830001
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5
نەشرى: 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2008 - يىلى 11 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 5000—1
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—12034—5
باھاسى: 12.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۇملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيەۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيەۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئويغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيەۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان ـ گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە ـ مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەندى. 80 ـ، 90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا سىلىقلاشتۇرۇلۇپ، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


قەمەر بىلەن سەمەر ........................ 1
ئەجدىھا يىگىت ........................ 41
مەلىكە مارال ھېكايىسى ........................ 52
دىيانەتسىز ئۇستاز ........................ 91
بېلىقچى بوۋاي بىلەن سۇ پەرىسى ........................ 104
ئورىۋاي ........................ 114
قېرىماس ياشلىق ........................ 137

# قەمەر بىلەن سەمەر

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدىكەن، ھەممە كىشىنىڭ ئايۋىنى ھويلىسىدىكەن، تۈڭلۈكى تورۇسىدىكەن، ئوچىقى مورىسىدىكەن، ئاشلىقى ئورىسىدىكەن، كەتمىنى دولىسىدىكەن. شۇ زامانلاردا شىرىيە قەلئەسىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى قەمەر، كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى سەمەر ئىكەن. كىچىك ئوغلى ئەقىل - ئىدراكتا، باتۇرلۇقتا تەڭداشسىز ئىكەن، ئۇچار قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن، ئۇنىڭ قولىدىن ھەرقانداق مۇشكۇلات قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. ئۇنىڭغا يولۇققان كىشىلەرنىڭ خاپىلىقى خۇشاللىققا ئايلىنىپ، بەخت ئىشىكى ئۇلارغا ئېچىلىدىكەن، بىراق بۇ شاھزادىلەر كىچىكىدىنلا ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەچكە، ئۆگەي ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغانىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ شىكار خۇمارى تۇتۇپ يەتتە كۈنلۈك ئوۋغا چىقىش ئۈچۈن شىكار تەييارلىقىغا كىرىشىپتۇ ۋە شىكارغا كىچىك ئوغلى سەمەرنىمۇ بىللە ئېلىپ چىقماقچى بوپتۇ. پۈتكۈل تەييارلىقى تامام بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى قەمەرنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم قەمەر، مەن ئەتە ئىنىڭ سەمەر ۋە نۆكەرلىرىم بىلەن يەتتە كۈنلۈك شىكارغا چىقماقچىمەن. شاھلىقىمنى

ساڭا تاپشۇردۇم، مەن قايتىپ كەلگۈچە ئەلنى ئادىللىق بىلەن سورىغاچ تۇرغىن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، پەرمانىڭىزنى بېشىم بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ قەمەر ئاتىسىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ.

پۈتكۈل ئوردا مۇلازىملىرى ئەتىسى شاھ شىكارى ئۈچۈن ئامان - ئېسەنلىك تىلىشىپتۇ. سۇنايچى، ناغرىچى، كانايچىلار ئۆز ناۋالىرىنى ياڭرىتىشىپتۇ. پادىشاھ ناغرا — سۇناي ساداسى ئىچىدە شىكارغا يول ساپتۇ.

كەچ كىرىپتۇ. قەمەرنىڭ ئۆگەي ئانىسى كەچلىك تائامدىن كېيىن يېتىش ئۈچۈن جاي تەييارلاپتۇ. قەمەر ئورنىغا بېرىپ يېتىپتۇ. كۆز باغلانغان چاغدا قەمەرنىڭ ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭ يوتقىنىغا كىرىۋاپتۇ. قەمەر ئۆگەي ئانىسىنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ:

— بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مەن سىز بىلەن بىر ئورۇندا ياتقىلى كىچىك بالا بولمىسام، چوڭچوڭلا بىر يىگىت تۇرسام، بۇنداق قىلىقسىزلىقتا قانداق يۈزىڭىز چىدىدى؟ تېزدىن ئۆز جايىڭىزنى تېپىۋېلىڭ! — دەپتۇ.

— ئوغلۇم قەمەر، مەن ساڭا ئاشىقى بىقارار بولدۇم، ئەگەر سەن بىلەن بىر كېچە بىرگە ياتمىسام، ئىشقىڭدا جېنىمدىن جۇدا بولىمەن، — دەپ قەمەرنىڭ قوينىدىن چىقىپ كەتمەپتۇ، ھۇ تارتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. ئۆگەي ئانىنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرگەن قەمەر:

— ئەي ئانا، سىز مېنى كىچىكىمدىن تارتىپ ئۆز ئانامدەك بېقىپ چوڭ قىلغان ئانامسىز. خۇدا يولىدا دادامنىڭ تاھارىتى ئۈچۈن سۇ بەردىڭىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق سىز بىلەن بىر ئورۇندا يېتىش خۇدا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ، ساراي ئەھلى ئارىسىدا يۈز كۆتۈرگۈسىز رەسۋاچىلىق. مەن سىز بى-

www.uyghurkitap.com

لەن ھەرگىز بىر ئورۇندا ياتالمايمەن. سىزنىڭ بۇ رەسۋاچىلى-
قىڭىز مۇشۇ جايدا قالسۇن ! ــ دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ.
تاڭلا كېچىسىمۇ يەنە شۇ ھال تەكرارلىنىپتۇ. قەمەر ئۆ-
گەي ئانىسىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقماپتۇ. ئۆگەي ئانىسى
ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ
يەتتە كۈنلۈك شىكار ۋاقتىمۇ توشۇپتۇ. ئۆز مەقسىتىنى ئىش-
قا ئاشۇرالمىغان ئۆگەي ئانا قىلغان ئىشلىرىنىڭ پادىشاھ
ئالدىدا پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە
كۆڭلىگە بىر شۇم نىيەتنى پۈكۈپتۇ.
پادىشاھنىڭ ئوۋدىن قايتىپ ئوردىغا كىرگەنلىكىدىن خە-
ۋەر تاپقان ئۆگەي ئانا چاچلىرىنى چۇۋۇپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ،
يالغاندىن يىغلاپ ئوردىنى بېشىغا كىيىپتۇ. پادىشاھ ئوردا
ئىچىگە كىرىپ، ئاھ ئۇرۇپ، قان ـ يامغۇر يىغلاپ ئولتۇرغان
خوتۇننى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ ۋە:
ــ ئەي مېھرىبانىم، ساڭا نېمە قىسمەت يەتتى؟ نېمە
ۋەجدىن زار يىغلاپ يىغان چېكىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ ئەي شىرىيە قەلئەسىنىڭ ھۆكۈمرانى، ئادىل پادىشا-
ھىم، سىز شىكارغا چىقىپ كەتكەندىن بېرى ئوغلىڭىز قەمەر
شاھلىق ئەنئەنىڭىزگە داغ چۈشۈرۈپ، دۇنيادا ئادەمنىڭ ئەق-
لىگە سىغمايدىغان شۇنداق ئوسال، ھاياسىز، شەرمەندە ئىشلار-
نى قىلدى. بۈگۈن ئەگەر مېنى دېسىڭىز، ئوغلىڭىز قەمەرنى
بۇ شەھەردىن يوق قىلىڭ، ئەگەر ئوغلىڭىز قەمەرنى دېسە-
ڭىز، شەھىرىڭىزنى تاشلاپ ئاتامنىڭ قېشىغا قايتىپ كېتى-
مەن، ــ دەپتۇ ئۇ خوتۇن كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ.
ــ ئەي خوتۇن، ھەرقانداق ئىش بولسا ئوچۇقىنى ئېيت !
يىغا بىلەن ئىش ھەل بولماس، ــ دەپتۇ خوتۇنىنىڭ ئوغلى
ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىدىن گاڭگىراپ قالغان پادىشاھ.

— بۇ ئىشلارنى ئېيتىشقا ئادەمنىڭ تىلى بارمايدۇ. خۇدا ئالدىدا دېيىشتىن قورقىمەن، — دەپتۇ ئۆگەي ئانا.

— ھەرقانداق گۇناھىڭ بولسا ئۆتتۇم، تېزدىن ئېيتقىن! — دەپتۇ تاقەتسىزلەنگەن پادىشاھ.

— سىز شىكارغا چىقىپ كەتكەندىن بۇيان، ئوغلىڭىز قەمەر ھەر كۈنى كەچلىكى مېنىڭ ئورنۇمغا كىرىۋالدى. مەن ئوغلىڭىزنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ: «ئەي ئوغلۇم، سەن ئانىسى بىلەن بىرگە ياتىدىغان كىچىك بالا بولمىساڭ، بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ ! قوپ، ئۆز ئورنۇڭغا چىقىپ يات !» دېسەم، ئوغلىڭىز ئۇيالماستىن: «مەن سىزگە ئاشىقى بىقارار بولدۇم، ئەگەر سىز مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزمىسىڭىز، جېنىمدىن جۇدا بولىمەن» دېدى. «ئوغلۇم قەمەر، مەن گەرچە سېنىڭ ئۆز ئاناڭ بولمىساممۇ، سېنى كىچىكىڭدىن تارتىپ ئۆز ئاناڭدەك بېقىپ چوڭ قىلدىم، ئانىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلدىم. سېنىڭ بۇ قىلماقچى بولغان ئىشىڭ خۇدا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ، بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن» دەپ نەسىھەت قىلدىم، يېلىندىم، يالۋۇردۇم، بىراق قەمەر نىيىتىدىن يانمىدى، قوينۇمغا كىرىۋالدى. مەن باشقا جايغا بېرىپ يېتىۋالدىم، يەنە قوينۇمغا كىرىۋالدى. يەتتە كېچە جەريانىدا مېنىڭ تارتمىغان رەنج — مۇشەققىتىم قالمىدى. ئوغلىڭىز ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بەتقىلىقلارنى قىلدى، — دەپ بىر تالاي تۆھمەتنى توقۇپتۇ. خوتۇنىنىڭ بەتنامىلىرىنى راست دەپ چۈشەنگەن پادىشاھ:

— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— لەببەي، سۇلتانى باكىرەم ! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن. كىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى؟ — دەپ تۆت جاللات قىلىچلىرىنى پارقىرىتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ. دەرغەزەپكە

كەلگەن پادىشاھ جالللاتلارغا قاراپ:

— نائەھلى ئوغلۇم قەمەرنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى، تېز - دىن قەمەرنى دارغا ئېسىپ، جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش ! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ.

جالللاتلار پادىشاھنىڭ ھۆكمىگە ھەيران بولۇشۇپتۇ، لېكىن ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلىشالماي، پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەمەرنىڭ پۇت - قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ دار ئالدىغا ئېلىپ مېڭىشىپتۇ.

سەمەر ئۆگەي ئاننىڭ قەمەر ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتىدى - نى ئاڭلاپ ھەيران قاپتۇ، ھەر قانچە قىلسىمۇ ئىشەنگۈسى كەل - مەپتۇ، ئاكىسى قەمەردىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيماپتۇ.

— ئەي شاھىنشاھ دادا، ئاكام قەمەرنىڭ قىلغانلىرى كەچۈرگۈسىز گۇناھ بولسىمۇ، ياراتقان خۇدا ھەققىدە ئاكام - نىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىڭىز، — دەپ سەمەر دادىسىدىن ئاكى - سىنىڭ گۇناھىنى تىلەپتۇ. پادىشاھ ئوغلى قەمەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتمەپتۇ. سەمەر دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ياش تۆكۈپتۇ.

— ئوغلۇم سەمەر، — دەپتۇ پادىشاھ، — ئاكاڭنىڭ گۇ - ناھىدىن ئۆتۈشكە بولمايدۇ ! ئاكاڭنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈش خۇدا ئالدىدا گۇناھقا شېرىك بولغانلىق !

— دادا، مەن ئاكامنىڭ دارغا ئېسىلىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. ئەگەر راستتىنلا ئاكامنى ئۆلتۈرمەكچى بولسى - ڭىز، مېنىمۇ قوشۇپ بىللە ئۆلتۈرۈڭ، گۆردە تەك ياتايلى، — دەپ دادىسىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىغلاپتۇ. ئاچچىقىدا كۆ - زىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتقان پادىشاھ:

— جالللات ! — دەپ توۋلاپتۇ.

— لەببەي شاھ ئالىيلىرى، كىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى؟ — دەپ تۆت جالللات قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، پادى -

www.uyghurkitap.com

شاھىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قول باغلاپ تۇرۇشۇپتۇ.

— ئۆزىنى گۇناھقا شېرىك قىلغۇچى ئوغلۇم سەمەرنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى. ئۇنى ئاكىسى قەمەر بىلەن قوشۇپ خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئۇزىتىپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. جاللاتلار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى تەرك قىلىشالماي، سەمەرنىڭ پۇت - قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ دار ئالدىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ ئەزەلدىن دېگەن گېپىدىن يانمايدىغان بولغاچقا، ۋەزىر ۋە ساراي مەسلىھەتچىلىرىمۇ پادىشاھنىڭ ھۆكمىگە قارىتا ئېغىز ئېچىشالماپتۇ.

ئىككى شاھزادىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىغان پۈتكۈل شەھەر خەلقى جازا مەيدانىغا يىغىلىپتۇ. بۇ شاھزادىلەر كىچىكىدىلا خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، خۇشاللىقىدىن تەڭ خۇشال بولۇپ، قايغۇسىغا قايغۇرىدىكەن، شۇڭا مەيدانغا يىغىلغان خەلق بىگۇناھ جىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان شاھزادىلەردىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆزى قىيماپتۇ، ئاھ ئۇرۇشۇپ يىغا - زار قىلىشىپتۇ. پۈتكۈل شەھەرنى خەلقنىڭ ئاھۇ زارى قاپلاپتۇ. خەلق جاللاتلاردىن شاھزادىلەرنىڭ ھاياتىنى تىلىشىپتۇ. جاللاتلارمۇ خەلقنىڭ نالىسىگە چىداپ تۇرالماپتۇ.

— ئەي تەلەيسىز شاھزادىلەر، پادىشاھ سىلەرنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. پۈتكۈل خەلق بىزدىن سىلەرنىڭ ھاياتىڭلارنى تىلەۋاتىدۇ. بىزنىڭمۇ پەقەت تاقەت قىلغۇچىلىكىمىز قالمىدى. بىراق، سىلەرنى ئۆلتۈرمىسەك، بىز ھەم ھايات قالمايمىز. بىز سىلەرنى قويۇپ بېرەيلى، سىلەر بۇ شەھەردىن چىقىپ باشقا جايلارغا بېرىپ جېنىڭلارنى جان ئېتىڭلار. بىزمۇ باشقا جايلارغا چىقىپ كېتەيلى، باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، — دەپ جاللاتلار شاھزادىلەرنىڭ پۇت - قوللىرىنى يې-

شىپ قويۇپ بېرىپتۇ، ئۆزلىرى ھەم شەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىپتۇ.

قەمەر بىلەن سەمەر چۆللەرنى كېزىپ، تاغ ـ داۋانلارنى ئارقىغا تاشلاپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ كەڭ كەتكەن بىر ئورمانلىققا كەپتۇ. ئورمانلىقنىڭ چېتىدە ئەتراپى چىنار بىلەن قاپلانغان بىر بۇلاق بار ئىكەن. ئورمانلىقنىڭ ئۇ تەرىپى شەھەر سېپىلى ئىكەن. قەمەر بىلەن سەمەر بۇ بۇلاقنىڭ بويىدا ئارام ئالماقچى بوپتۇ.

— ئۇكام، ئىككىمىز بۇ يەردە ئارام ئېلىپ ھاردۇقىمىز چىققاندا يولىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، بىز ھازىر ئادەملەر بار جايغا يېقىنلاپ قالغاندەك تۇرىمىز، — دەپتۇ قەمەر.

— شۇنداق قىلايلى، يەتتە كۈن يول يۈرۈپ بەك چارچاپ كەتتۇق، ئاۋۋال سىز يېتىپ ئۇخلاڭ، مەن سىزنى قوغداپ ئولتۇراي، — دەپتۇ سەمەر.

قەمەر يېتىپلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ئىنىسى سەمەر ئۇنى قوغداپ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، چىنار شېخىدا بىر قۇشنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سەمەر شۇنداق قۇلاق سالسا، قۇش:

— كىمكى مېنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، گۆشۈمنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەي، — دەپ سايراۋاتقۇدەك.

سەمەر يېنىدىن ئوقيانى ئېلىپ: «ئاۋۋەلەن خۇدانىڭ ئەمرى، ئاندىن قالسا، خىزىر پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى» دەپ ئوقيانى بەتلەپ، كۈچەپ تارتىپ قۇشقا ئاتقانىكەن، ئوق قۇشنىڭ دەل بېشىغا تېگىپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. قۇشنى يۈڭداپ كاۋاپ قىلىپ، ئاكىسى قەمەرنىڭ بېلىگە تۈگۈپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

ئارىدىن بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر قۇشنىڭ



سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سەمەر ئۇ قۇشنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغۇدەك بولسا:

— قانداقلىكى ئادەم مېنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، قېنىمنى ئىچىپ، گۆشۈمنى كاۋاپ قىلىپ يېسە، شۇ جايدا مىدىرلىماستىن ئۆلگەي، — دەپ سايراۋاتقۇدەك.

سەمەر يەنە يېنىدىن ئوقيانى ئېلىپ بەتلەپ: «ئاۋۋەلەن خۇدانىڭ ئەمرى، ئاندىن قالسا، خىزىر پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى» دەپ شۇنداق ئاتقانىكەن، ئۇ قۇش ھەم سەمەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. سەمەر دەرھال ئۇ قۇشنى بوغۇزلاپ، قېنىنى ئىچىپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېگەنىكەن، تۇرغان جايىدىلا تىن تارتماستىن ئۆلۈپتۇ.

سەمەر ئۆلۈشى بىلەن تەڭلا قەمەر ئويغىنىپ ئىنىسىنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ، بېشىدا ئولتۇرۇپ يىغلاپتۇ، زارلاپتۇ، ئىنىسى تىرىلمەپتۇ. قەمەر ئىنىسىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ.

قەمەر شەھەرگە قاراپ كېتىپ بارسا، بەلۋېغىدا ئىسسىق بىر نەرسە باردەك تۇيۇلۇپتۇ. ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، سەمەر پىشۇرۇپ تۇگۇپ قويغان قۇشنىڭ كاۋىپى ئىكەن. «ھەي ئى-

ىست، ئۇكام، ئاللاتائالا بىزگە بىر قۇش كاۋىپى ئەۋەتكەنكەن، ئۆلۈپ كەتمىگەن بولساڭ بىللە يەر ئىدۇق، رىزقىڭ تۈگىگەن ئوخشايدۇ، بىچارە ئۇكام» دەپ يولدا ماڭغۇچە قۇشنىڭ كاۋىپىنى يەپ مېڭىپتۇ. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن بىر شەھەرگە كەپتۇ.

قەمەر شەھەر ئىچىگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، پۈتكۈل شەھەر خەلقى قوللىرىغا بىر پارچىدىن گۆشنى ئېلىپ، ئاسمانغا قاراپ: «گاھ، گاھ» دەپ توۋلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا ھەيران بولۇپ، بىر بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، بوۋا، بۇ شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن قوللىرىغا بىر پارچىدىن گۆش ئېلىپ ئاسمانغا قاراپ توۋلىشىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بوۋاي شاھ سۈپەت قەمەرنى كۆرۈپ:

— غوجام، ئۆزلىرى بۇ شەھەرلىك ئەمەسمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، بوۋا، مەن شىرىيە قەلئەسىدىن كەلدىم، بۇ شەھەرگە مۇساپىر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەمەر.

— ئوغلۇم، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بۈگۈن توپتوغرا يەتتە كۈن بولدى. پادىشاھنىڭ تەخت ۋارىسى بولمىغاچقا، ۋەسىيىتى بويىچە دۆلەت قۇشىنى ئاسمانغا قويۇپ بەرگەن، ئۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى بۇ شەھەرنىڭ شاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ. دۆلەت قۇشىنىڭ قويۇپ بېرىلگىنىگە بۈگۈن ئالتە كۈن بولدى، ھېچ كىشىنىڭ بېشىغا قونماستىن ئاسماندا ئەگىپ يۈرۈپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۈتكۈل خەلقى قوللىرىغا گۆش ئېلىپ، قۇشنى ئۆز بېشىغا قوندۇرۇشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە بولۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

بوۋاينىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ بەخت قۇشى ئەگىپ كېلىپ قەمەرنىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. قەمەر قوللىرىنى پۇلاڭلى-تىپ بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتكەنىكەن، قۇش شەھەرنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ قەمەرنىڭ بېشىغا يەنە قونۇپتۇ. قەمەر قۇش-نى يەنە ئۇچۇرۇۋەتسە، قۇش يەنە كېلىپ قونۇپتۇ. بۇنى كۆر-گەن پۈتكۈل شەھەر خەلقى:

— مۇبارەك بولسۇن، سۇلتانى باكىرەم! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، دۆلىتىڭىز زىيادە بولسۇن! شاھلىق سەلتەنىتىڭىز-گە مۇبارەك بولسۇن! — دەپ، قەمەرنى باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشۈپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىشىپتۇ. قەمەرنىڭ:

— ئەي خالايىقلار، مەن شاھلىق مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ ئەمەسمەن، مەن سىلەرگە شاھ بولمايمەن! — دېگىنىگە ئۇنىماي، خەلق قەمەرنىڭ بېشىغا شاھلىق ئالتۇن تاجىنى كىيگۈزۈپتۇ.

قەمەر ئالدى بىلەن سەمەرنىڭ ئاخىرەتلىكلىرىنى تەي-يارلاپ، جامائەتنى باشلاپ بۇلاق بېشىغا بېرىپتۇ. قارىسا، سە-مەرنىڭ جەسىتى يوق تۇرغۇدەك. قەمەر، جەسەتنى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپتۇ - دە، تەقدىرگە تەن بېرىپ يېنىپ كەپتۇ.

قەمەر شاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ تۇرسۇن، بىز بىر كە-لىمە سۆزنى سەمەردىن ئاڭلايلى:

قەمەر ئىنىسىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، سەمەر بۇلاق يېنىدا ئۈچ كۈن يېتىپتۇ. يېقىن ئەتراپتىكى چۆللۈكتە ئايلىنىپ يۈرىدىغان ئۈچ ئەۋلىيا بولۇپ، ئىلمۇ ھېكمەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. بۇ ئەۋ-لىيالار دەرۋىشلىك قىياپىتىدە تاغۇ دەشت، چۆللۈكلەرنى ئاي-لىنىپ يۈرۈپ خۇدا يولىدا تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بو-لىدىكەن.



بىر كۈنى بۇ ئۈچ ئەۋلىيانىڭ قەدىمى سەمەر ئۆلۈپ قال-
غان ئورمانلىقتا يېتىپتۇ. كەچلىكى ئۇلار غىزالىنىش ئۈچۈن
قازان ئېسىپ، تاماق ئېتىپ يېمەكچى بوپتۇ، قازانغا ئۈچ
چىنە گۈرۈچ ساپتۇ. ئۇلار قازانغا قانچە چىنە گۈرۈچ سالسا،
قازاندىن شۇنچە چىنە تاماق چىقىدىكەن. بىراق، بۈگۈن ئۈچ
چىنە گۈرۈچتىن تۆت چىنە تاماق تەييار بوپتۇ. «بۈگۈن ئاش-
نىڭ تۆت قاچا بولۇپ چىققىنىغا قارىغاندا، يېقىن ئەتراپتا
خۇدانىڭ ناھايىتى ئەزىز بىر بەندىسى باردەك قىلىدۇ. خۇدا
بۇ ئاشقىمۇ ئۇنىڭ رىزقىنى قوشۇپتۇ. ئۇنى نەدىن بولسىمۇ
ئىزدەپ تېپىپ بىللە غىزالىنايلى» دەپ، دەرۋىشلەر ئورمان-
لىقتىن چىقىپ ئىزدەپ بېرىپ قارىسا، ئورمانلىقنىڭ چېتى-
دىكى بىر بۇلاقنىڭ قېشىدا بىر يىگىتنىڭ ئۆلۈك ياتقانلىقى-
نى كۆرۈپتۇ. «بۇ تېخى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يى-
گىت ئىكەن، بىز ئۇنىڭغا خۇدادىن جان تەلەپ قىلايلى» دەپ،
ئۈچ ئەۋلىيا بۇلاقنىڭ سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ، ئاللاتائالاغا

مۇراجىئەت قىلىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ سەمەرگە جان تەلەپ قىلىشىپتۇ. خۇدا بۇ ئۇچ نەپەر ئەۋلىيانىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلىپ، سەمەرگە قايتىدىن جان ئاتا قىپتۇ.

سەمەر ئۇخلاپ ئويغانغان كىشىدەك سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. ئەۋلىيالار ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ئەكىلىپ خۇدانىڭ رىزقىنى قوشقان تائام بىلەن غىزالاندۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆز يوللىرىغا راۋان بولۇشۇپتۇ.

سەمەر، مەن بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت ياتقاندىمەن؟ ئاكام قاياقتا كەتكەندۇ؟ مەن ئاكامنى ئىزدەي دەپ، ئاكىسى قەمەرنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. سەمەر بىر ئاش پىشىمدىن كېيىن ئاكىسى قەمەرنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ شەرقىدە بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغدا بەھەيۋەت بىر ئەجدىھا داۋاملىق دىگۇدەك خەلقنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇرىدىكەن. شەھەردىكى ھېچقانداق پالۋاننىڭ بۇ ئەجدىھانى يوقىتىشقا قۇربى يەتمەيدىكەن. پادىشاھ قەمەر: «كىمكى ئەجدىھانى يوقىتالىسا، ئۇنىڭغا ئات كاللىسىدەك ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن» دەپ يارلىق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئەجدىھانى يوقىتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئەجدىھا ھەر كۈنلۈكى دەل چۈش ۋاقتى بىلەن غاردىن چىقىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھانى يوقىتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالمىغان قەمەر شاھ ئاخىر شەھەردىكى پۈتكۈل ئائىلىلەرگە ئاۋۋالقى پادىشاھتەك يەنە جان سېلىقى سېلىپ، ھەر كۈنلۈكى بىر ئادەمنى غارنىڭ ئېغىزىغا باغلاپ بېرىدىكەن، ئەجدىھا غاردىن سىرتقا چىقمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى ئەجدىھانىڭ تەھدىتىدىن خالاس بولىدىكەن.


سەمەر ئاكىسى قەمەر شاھنىڭ شەھىرىگە كىرىپ، بىر غارنىڭ ئالدىدا تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان بىر قىزنىڭ يېنىدا

كۆز ياشلىرىنى باھار يامغۇرىدەك ئاققۇزۇپ، قىزنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقان بوۋاي بىلەن مومايىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— بوۋا، موما، نېمىشقا بۇ قىزنى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ يىغلايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغلۇم، بۇ شەھەر خەلقىنىڭ پېشانىسىگە نېمە قىسمەتنىڭ پۈتۈلگەنلىكى بىزگە قاراڭغۇ، بەلكىم خۇدانىڭ غەزىپى تۇتقاندۇ. ئالتە يىل بولدى، بۇ تاغدىكى غاردا بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالدى، — دەپ، سۆزىنى داۋام قىپتۇ بوۋاي سەمەرگە قولى بىلەن غارنى كۆرسىتىپ، — ئۇنى يوقىتىشقا ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ قۇربى يەتمىدى. بۇ ئەجدىھانىڭ خەتىرىدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن پادىشاھ ئادەت بويىچە جان سېلىقى كەلگەن ئائىلىدىن بىر كىشىنى مۇشۇ غارنىڭ ئېغىزىغا باغلاپ بېرىدۇ. ئەجدىھا ھەر كۈنلۈكى دەل چۈش ۋاقتى بىلەن غاردىن چىقىپ، غار ئېغىزىغا باغلانغان كىشىنى يەپ يەنە غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بۈگۈن جان سېلىقى بىزنىڭ ئائىلىگە كەلگەنىكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قىزىم بىلەن ئۈچ جان ئىناق - ئىتتىپاق، خۇشال - خۇرام تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدۇق. قىزىم بىزگە چىدىمىدى، بىز قىزىمىزغا چىدىمىدۇق. ئاخىر قىزىم: «سىلەرسىز مېنىڭ بۇ دۇنيادا ياشىغىنىمنىڭ ئەھمىيىتى يوق» دەپ، بىزنى قايىل قىلىپ، بىز ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ياش جېنىدىن كەچمەكچى بولدى. پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى قىزىمنى ئەجدىھاغا قۇربانلىق قىلىپ مۇشۇ يەرگە باغلاپ قويدى. بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيماي يىغلىشىۋاتىمىز. تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن ئۆزگە چارە يوق، ئوغلۇم، ئىلاجىمىز قانچە؟! — دەپتۇ بوۋاي كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي.

سەمەر بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى



تىلاپ تۇرۇپتۇ. بىر-
دىن قىلىچىنى ئىگى-
لەپ قىزنى باغلاپ
قويغان زەنجىرگە
كۈچ بىلەن بىرنى
ئۇرغانىكەن، زەنجىر
پارە - پارە بولۇپ
كېتىپتۇ. سەمەر:
— ئەي خۇدا-
نىڭ مۆمىن بەندە-
لىرى، سىلەر قايتىپ
بېرىپ جېنىڭلارنى
جان ئېتىڭلار! بۇ
بىچارە قىزنى يەيدى-
غان ئەجدىھا مېنى
يېسۇن! شەھەرنىڭ پادشاھى بولغان كىشىنىڭ بىر ئەجدىھا-
نى ئۆلتۈرۈشكە كۈچى يەتمەي، گۇناھسىز بىر نارەسىدە قىزنى
ئەجدىھاغا يەم قىلىپ بېرىپ، پۇقرالارنىڭ جېنىغا بىئەجەل
زامىن بولۇپ شاھلىق تەختىدە شەھەر سورىغىنىنىڭ نېمە
پايدىسى بار؟! — دەپ قىلىچىنى كۆكسىگە تېگىپ، غارغا
ئالدىنى قىلىپ ئەجدىھانىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. يەر -
جاھاننى لەرزىگە سېلىپ نەرە تارتىپ، غار ئىچىدىن ئەجدىھا
چىقىپ سەمەرگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. سەمەر بار كۈچى بىلەن
ئەجدىھانىڭ ئېغىزىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ، ئەجدىھا ئوتتۇرىدىن
ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپتۇ. غارنىڭ ئالدىدىن ئادەمخور
ئەجدىھانىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتۇ. سەمەر ئەجدىھانىڭ
تېرىسىدىن بىر تاسما تىلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ.

قەمەر شاھنىڭ قارا نىيەت، ئالدامچى بىر ۋەزىرى بو-
لۇپ، ھەر كۆنلۈكى دەل ئەجدىھا غاردىن چىقىدىغان پەيتتە
قىرىق نۆكىرى بىلەن كېلىپ، ئەجدىھانىڭ ئادەم يېيىش پا-
جىئەسىدىن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قايتىپ كېتىدىكەن.

بۈگۈن پادىشاھنىڭ شۇ ۋەزىرى قىرىق نۆكىرى بىلەن
كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن ئەجدىھا غارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سە-
مەرنىڭ ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن تاسما تىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ
قارا نىيىتى قوزغىلىپتۇ - دە، سەمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ھەي جېنىدىن تويغان ھارامزادە شۇمتەك! سەن پا-
دىشاھنىڭ كۈنلۈكى بىر ئادەم بېرىپ باقىدىغان ئەتىۋارلىق
جانىۋىرىنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق پېتىنالىدىڭ؟! — دەپ نۆكەر-
لىرىگە سەمەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. قارا نىيەت
ۋەزىرنىڭ لەشكەرلىرى سەمەرنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ
قويۇپتۇ. ۋەزىر يىگىرمە نۆكىرىگە سەمەرنى ئادەم ئاياغ باس-
مايدىغان چۆللۈككە ئېلىپ چىقىپ تاشلىۋېتىشنى بۇيرۇپ،
قالغان يىگىرمە نۆكىرىگە:

— سىلەر ئوردىغا كىرىپ پادىشاھقا ۋەزىر ئەجدىھانى
ئۆلتۈردى، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈڭلار! پادىشاھ مېنى ئات بې-
شىدەك ئالتۇن بىلەن مۇكاپاتلىغاندىن كېيىن، سىلەرنى چوڭ
مەنسەپكە ئىگە قىلىمەن ھەم مال - دۇنيا ئىنئام قىلىمەن، —
دەپ، قەمەر شاھنىڭ ئالدىغا كىرگۈزۈپتۇ. بۇ يالغان خەۋەرنى
لەشكەرلەر پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. لەشكەرلەردىن يالغان خەۋەر-
نى ئاڭلىغان قەمەر شاھ:

— ۋەزىرىمنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشى، مېنىڭ بۇ شە-
ھەرگە پادىشاھ بولغانلىقىمنىڭ ياراشقانلىقىدىن بولدى، چۈنكى
ئىلگىرى ۋەزىر ھەم ئەجدىھامۇ مۇشۇ شەھەردە بار ئىدى،
بىراق ھېچقانداق بىر كىشى ئەجدىھانى ئۆلتۈرەلمىگەنىكەن، —

www.uyghurkitap.com

دەپ ۋەزىرنىڭ باتۇرلۇقىدىن مەمنۇن بوپتۇ، ھەم پۈتكۈل ئوردا ئەھلى ئالدىدا ئۆزىنىڭ قىلغان لەۋزى بويىچە ۋەزىرنى ئات بېشىدەك ئالتۇن بىلەن تارتۇقلاپتۇ. پۈتكۈل شەھەر خەلقى ۋەزىرنىڭ باتۇرلۇقىغا ۋە ئۆزلىرىنى غەمدىن خالاس قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشىپتۇ.

يالغانچى ۋەزىر ئۆزىنىڭ ساختا غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلغاچ تۇرسۇن، بىز بىر كەلىمە سۆزنى سەمەردىن ئاڭلايلى:

ۋەزىرنىڭ يىگىرمە نۆكىرى ۋەزىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەمەرنى ئاتقا توغرا ئارتىپ، قاش قارايغان چاغ بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى بىر چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋېتىپ يېنىپ كەپتۇ.

بۇ شەھەردە بىر كوزىچى بولۇپ، چۆلدىن سېغىز ئېلىپ كېلىپ كوزا ياساپ سېتىپ كۈنىنى ئۆتكۈزىدىكەن. ۋەزىرنىڭ نۆكەرلىرى سەمەرنى چۆلگە تاشلىۋەتكەن كۈنى بۇ كوزىچى سېغىز ئەكېلىش ئۈچۈن بامدات نامىزى بىلەن تەڭ ئېشىكىنى ھارۋىسىنى ھەيدەپ چۆلگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

كوزىچى بوۋاي بىر كۈن يول يۈرۈپ، ئۆزى داۋاملىق سېغىز ئېلىپ كېلىدىغان سېغىزلىققا كېلىپ، بىر يىگىتنىڭ سېغىزلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بوۋاي يىگىتنىڭ ئۈستىۋېشىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتۈپ، سېغىزمۇ ئالماستىن يىگىتنى ھارۋىسىغا سېلىپ تاڭ بىلەن تەڭ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ.

بۇ كوزىچىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى يوق ئىكەن. ئۇ كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك سەمەرنى ئوغۇل قىلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. تېۋىپ چاقىرىپ ئۈچ كۈن داۋالىتىپتۇ، سەمەر كۆزلىرىنى ئاچقۇدەك ھالغا كەپتۇ، قىرىق كۈن بېقىپتۇ، سەللىمازا ساقىيىپتۇ. بۇ قىرىق كۈن جەريانىدا كوزىچى-

نىڭ ھۇنىرى ناھايىتى ئېقىپتۇ. ئىلگىرى يۇز دانە كوزا
قۇيسا، تېگى قېلىپتىن سۇنۇق چىقىدىكەن. سەمەرنى ئۆيىگە
ئېلىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ يۇز كوزا قۇيسا، ھەممىسى
قېلىپتىن ساق چىقىپتۇ، چىققاندىمۇ بۇ كوزىلار چىن ئېلى-
نىڭ فارفور چىنىلىرىدەك شۇنداق سۇپەتلىك چىقىپتۇ.
بازارغا ئېلىپ چىققان كوزىلىرى شەھەر خەلقىنىڭ ئارىسىدا
تالاشتا قېلىپ تېزلا سېتىلىپ بوپتۇ. بۇنىڭ بىلەن كوزىچى
بوۋاينىڭ سەمەرگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى كۈندىن -
كۈنگە ئېشىپ، ھالىدىن تېخىمۇ ياخشى خەۋەر ئېلىشقا
باشلاپتۇ. سەمەر كوزىچىنىڭ قېشىدا ئالتە ئاي تۇرۇپتۇ. بۇ
ئارىلىقتا ئۇ ئۇستا كوزىچىلاردىن بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى كوزىچى بوۋاي سەمەرگە سودا -
سېتىق ئىشلىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بازارغا ئېلىپ چىقىپ-
تۇ. ئۇ كۈنى پادىشاھنىڭ ۋەزىرىمۇ ئالتۇن تەختىراۋانغا ئول-
تۇرۇپ شەھەر ئايلىنىشقا چىققانىكەن.

ۋەزىر كوچا - رەستىلەرنى ئايلىنىپ، كوزا - كومزەك
بازىرىغا كەلگەندە، بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كوزا سېتىۋات-
قان سەمەرنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ھەر-
قانچە سىنچىلاپ قارىسىمۇ، كۆزىگە يەنىلا ئەجدىھانى ئۆلتۈ-
رۈپ، ئۇنىڭدىن تاسما تىلىۋالغان يىگىت كۆرۈنۈۋېرىپتۇ. ئۆ-
زىنىڭ ئىشىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ۋە-
زىر نۆكەرلىرىگە كوزىچى بوۋاينى كۆزىتىشنى تاپىلاپ، ئوردى-
غا يېنىپ كىرىپ كېتىپتۇ.

ۋەزىرنىڭ نۆكەرلىرى كوزىچى بوۋاينى پايلاپ، ئۇنىڭ ئۆ-
يىنى كۆرۈۋېلىپ كېلىپ ۋەزىرگە مەلۇم قىپتۇ. بۇنى ئاڭلى-
غان ۋەزىر كۆڭلىگە بىر شۇم نىيەتنى پۈكۈپتۇ - دە، لەشكەر
بېشىغا:

www.uyghurkitap.com

— سەن بىر تاغار تىللانى تۆن نىسپىي بولغاندا كوزىچى-نىڭ ئۆيىگە سۆرەپ ئاپىرىپ ئوقۇرنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قو-يۇپ، تاڭ ئېتىشى بىلەن خەزىنىگە ئوغرى كىرىپتۇ، دەپ پا-دىشاھقا مەلۇم قىلىپ، كوزىچىنىڭ ئوغلىنى تۇتۇپ كەلگىن — دەپتۇ.

لەشكەر بېشى ۋەزىرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەڭ كېچە بولغاندا ئورددىن تارتىپ كوزىچىنىڭ ئۆيىگىچە بىر تاغار تىللانى سۆرەپ ئاپىرىپ، كوزىچىنىڭ ئېشىكى ھەلەپ يەيدىغان ئوقۇرنىڭ تېگىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ - دە، تاڭ سۈزۈلۈشى بى-لەن ئوردىغا كىرىپ:

— داد، پادىشاھئالەم ! — دەپ دادلاپتۇ.

— نىمە گەپ ؟ — دەپ سوراپتۇ قەمەر شاھ.

— كېچىدە ئالىيلىرىنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى كىرگەن-لىكى مەلۇم بولدى !

— تەپ تارتماستىن مېنىڭ خەزىنەمگە ئوغرىلىققا كىر-گەن ئوغرىنىڭ بېشى ئون بولسىمۇ تۇتۇپ ئەكېلىڭلار ! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ قەمەر شاھ.

لەشكەر بېشى قىرىق لەشكەرنى باشلاپ ئۇدۇل كوزىچىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

— كوزىچى، سېنىڭ ئوغلۇڭ يۈرىكىنى ئات بېشىدەك قىلىپ، كېچىدىن شاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. بىز شاھنىڭ پەرمانى بويىچە ئۇنى تۇتقىلى كەلدۇق. ئوغلۇڭنى ئېلىپ چىق ! — دەپ كوزىچىغا ھەيۋە قىپتۇ.

— مېنىڭ ئوغلۇم يوق، — دەپتۇ كوزىچى لەشكەر بېشىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ.

لەشكەر بېشى ئاختۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. ھايال بولماستىن يېرىم تاغار تىللا بىلەن قوشۇپ سەمەرنى باغلاپ ئېلىپ چى-

قىپتۇ. كوزىچى بوۋاي پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىكى تىللالارنىڭ قانداق بولۇپ ئۆز ئۆيىدىن چىققانلىقىغا ئەقلى يەتمەپتۇ. ئوغ-لى سەمەرنىڭ ھەم بۇنداق يامان ئىشنى قىلغانلىقىغا ئىشەن-گۈسى كەلمەپتۇ، چۈنكى سەمەر كىچىچە كوزىچى بوۋاي بىلەن بىللە كوزا قۇيغانىكەن. كوزىچى بوۋاينىڭ سەمەردىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىغاچقا، لەشكەر بېشىغا يالۋۇرغان بول-سىمۇ، بىراق يېلىنىش - يالۋۇرۇشلىرى بىكارغا كېتىپتۇ. لەشكەر بېشى سەمەرنىڭ قوللىرىنى باغلاپ، تاغارنى يۈدگۈزۈپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

لەشكەر بېشى سەمەرنى شاھ قەسرىنىڭ ئالدىدا قويۇپ، ئۆزى ئوردىغا كى-رىپ:



— داد، پادى-شاھئالەم! خەزى-نىگە ئوغرىلىققا كىرگىنى شەھى-رىمىزدىكى بىر كوزىچىنىڭ ئوغلى ئىكەن، — دەپ سەمەرنىڭ ئۈستى-دىن دادلاپتۇ.

— يېشى قانچىدە بار ئى-كەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— تۇرقىدىن قارىغاندا ئون

بەش ـ ئون ئالتە ياشلىق بالىدەك قىلىدىغان شاھىم، — دەپتۇ لەشكەر بېشى.

— شەرئىتىمىزنىڭ قائىدىسى بويىچە تېخى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش بېشىغا توشمايدىكەن. ئېلىپ چىقىپ زىندانغا تاشلاپ، يېشى ئون سەككىزگە توشقاندا پۇتكۇل شەھەر خەلـقىنى يىغىپ دارغا ئېسىڭلار! پۇتكۇل شەھەر خەلقى ئىبرەت ئالسۇن! — دەپ پەرمان قىپتۇ قەمەر شاھ.

لەشكەر بېشى شاھنىڭ پەرمانى بويىچە گۇناھسىز سەمەرنى زىندانغا تاشلاپتۇ. سەمەر قاراڭغۇ زىنداندا يورۇقلۇقتىن مەھرۇم بولۇپ ئۈچ يىل يېتىپتۇ.

بۇ شەھەردە شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان مەنسۇر ئىسىملىك بىر ئاتالغان كاتتا باي بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى مەنسۇر باي قەمەر شاھنىڭ قېشىغا ئۆلۈم گۇناھى توشقان گۇناھكاردىن بىرنى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كەپتۇ.

— بۇخاراغا بېرىش ئۈچۈن نۇرغۇن ماللارنى تەييارلىغانىدىم، بىراق بۇخارا بىلەن بۇ شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا ناھايىتى چوڭ بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريادىكى لەھەڭلەرگە بىر ئادەمنى تاشلاپ بېرىپ ئۆتمىسە، ساق ـ سالامەت ئۆتكىلى بولمايدىكەن. قانداقلا ئادەم بولسۇن بەرىبىر ئۆلىدىغان بولغاندىكىن، گۇناھى ئۆلۈمگە توشقان گۇناھكاردىن بولسا قوشۇپ قويامدىكىن دەپ، ئالدىلىرىغا كەلگەنىدىم، — دەپتۇ مەنسۇر باي.

— گۇناھى ئۆلۈمگە توشقان گۇناھكاردىن بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىردىن قەمەر شاھ.

قارا نىيەت ۋەزىرنىڭ ئېسىگە دەرھال كوزىچىنىڭ ئوغلى سەمەر كەپتۇ ـ دە:

— خەزىنىمىزگە ئوغرىلىققا كىرگەن كوزىچىنىڭ ئوغلى

بار، شاھىم، ــ دەپتۇ.

ــ قوشۇپ قويۇڭلار، بىلىقلارغا يەم بولسۇن! ــ دەپتۇ قەمەر شاھ.

مەنسۇر باي سەمەرنى ئېلىپ كېتىپتۇ. باي بىر ھەپتە ئىچىدە پۇتكۇل تەييارلىقنى پۇتكۇزۇپ، سەكسەن قېچىرغا قىممەت باھالىق ئېسىل ماللارنى ئارتىپ، يىگىرمە چاكار بىلەن بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار تاغ ــ دەريا، چۆللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ساق يەتتە كۇن يول يۇرۇپ، ئەجەل دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ. مەنسۇر باينىڭ قاراپ تۇرۇپ ياش بىر يىگىتنى لەھەڭلەرگە يەم قىلىپ بەرگۇسى كەلمەپتۇ.

ــ ئەي چاكارلىرىم، بۇ يىگىت گەرچە گۇناھكار بولسىمۇ، بىراق ئەدەپ ــ ئەخلاقلىق، سۇمباتلىق ئىكەن. قاراپ تۇرۇپ كىشىنىڭ ئون گۇلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان يىگىتنى لەھەڭلەرگە يەم قىلىپ بېرىشكە يۇرىكى چىدىمايدىكەن، قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپ چاكارلىرىغا مەسلىھەت سالپتۇ.

ــ پۇت ــ قولىنى باغلاپ دەرياغا تاشلاپ بەرمەي، ئۇ يىگىتنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆزۈپ ئۆتۈشكە بۇيرۇيلى، ئەجىلى توشمىغان بولسا، تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن ھايات قالسا ئەجەب ئەمەس، ــ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرى.


ئەجەل دەرياسىدىن ئۆتمەكچى بولغان كىشىلەر دەريادىكى لەھەڭلەرگە بىرەر ئادەمنى تاشلاپ بېرىپ، لەھەڭلەرنىڭ ئادەمنى يەۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆتمىسە ئۆتكىلى بولمايدىكەن. شۇنىڭ ئۇچۇن، بۇ دەريانىڭ نامى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئەجەل دەرياسى» دەپ ئاتىلىدىكەن. دەريادا بىرقانچە ئون ئادەمخور لەھەڭ ئۆزۈپ يۇرىدىكەن.

باي ھەرقانچە ئويلىنىپمۇ سەمەرنى دەرياغا تاشلىماسلىق-

نىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ. باينىڭ كۆڭلىگە چاكارلارنىڭ كۆر-
سەتكەن يولى خېلى ئورۇنلۇقتەك بىلىنىپتۇ. سەمەرنى دەريا-
نىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇپتۇ. سەمەر دەرياغا يۈگۈرۈپتۇ.
ئۇ دەرياغا چۈشۈشى بىلەن تەڭ: «ئەي مېنىڭ ئەزىز جانىۋار-
لىرىم! بىر غېرىب بەندەم سۇغا چۈشتى، ئۇ دەريادىن ساق-
سالامەت ئۆتۈپ بولغۇچە ھەرقايسىڭلارنىڭ ئۇنىڭغا چېقىلى-
شىڭلارغا رۇخسەت يوق. بېشىڭلارنى سۇ يۈزىگە چىقارماڭلار!»
دەپ خۇدادىن سۇدىكى جانىۋارلارغا ۋەھىي كەپتۇ. ئۆركەشلەپ
ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىمۇ پەسىيىپتۇ. سۇ يۈزىدە ئوييناقشىغان
بېلىق، لەھەڭلەرمۇ سۇنىڭ تەكتىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپ-
تۇ. شۇنىڭ بىلەن سەمەر ساق - سالامەت دەريانىڭ ئۇ قېتى-
غا ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ.

سەمەرنىڭ دەرياغا كىرىشى بىلەن دەريادا بولۇپ ئۆتكەن
ئۆزگىرىشلەرنى ۋە سەمەرنىڭ لەھەڭلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرى-
ماستىن، دەخلى - تەرۇزسىز ھالدا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى
كۆرگەن باي ۋە ئۇنىڭ چاكارلىرى ھەيران بولۇشۇپتۇ.

باي سەمەرنى دەريانىڭ بۇ قېتىغا ئۆتۈشكە بۇيرۇپتۇ. سە-



مەر دەريانىڭ بۇ قېتىمقى ساق - سالامەت ئۆتۈپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئېشىپتۇ. مەنسۇر باي سەمەرنى يەنە دەرياغا چۈشۈرۈپ، سەمەر دەرياغا چۈشۈشى بىلەن تەڭلا ئۆزى سەكسەن قېچىر مالنى كېمىگە بېسىپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بوپتۇ.

— تەلەيلىك يىگىت! يەنە بىر مەرتەم غەيرەت قىلىپ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆت! — دەپتۇ مەنسۇر باي سەمەرگە.

سەمەر دەريانىڭ بىر ئۇ قېتىمغا، بىر بۇ قېتىمغا ئۆتۈپ چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەنسۇر باينىڭ ئۆزىنى قاراڭغۇ زىندان ئازابىدىن قۇتقۇزغانلىقىغا خۇرسەن بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ چاكىرى بولۇپ خىزمىتىنى قىلىش نىيىتىگە كەلگەچكە، باينىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي ئىلاجسىز يەنە دەرياغا چۈشۈپتۇ. سەمەر دەرياغا چۈشۈشى بىلەن دەريا سۈيى تىنچلىنىپ، لەھەڭ ۋە بېلىقلار سۇنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىپتۇ. مەنسۇر باي سەكسەن قېچىر مال بىلەن يىگىرمە غۇلامنى كېمىگە بېسىپ دەريادىن خەتەرسىز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەنسۇر باي ئىلگىرى كۆپ قېتىم سودا ئىشلىرى ئۈچۈن بۇ ئەجەل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىرقانچە نۆۋەت پالاكەتكە يولۇققانىكەن.

ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، قىرغاققا چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ، ماللىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇچ كېچە - كۈندۈز مەشرەپ ئويناپ ھاردۇقلىرىنى چىقىرىشىپتۇ. مەنسۇر باي سەمەرنى قىزغىن كۈتۈپتۇ، ئۇنىمۇ بۇخاراغا بېرىش سەپىرىدە بىللە ئېلىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

تۆتىنچى كۈنى سودا كارۋانلىرى ماللارنى قېچىرلارغا ئارتىپ، بۇخارا شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار زاۋال ۋاقتى بىلەن تەڭ بۇخارا شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. مەنسۇر باي ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈش-

www.uyghurkitap.com

نى ئويلاپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن تەڭ مەنسۇر باي ئورنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مەقسىتىنى دەرۋازىۋەنگە ئۇقتۇرۇپتۇ. مەنسۇر باينىڭ ئۆزىنىڭ شەھىرىگە نۇرغۇن قىممەتلىك ماللارنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى دەرۋازىۋەندىن ئاڭلىغان بۇخارا ئېلىنىڭ پادىشاھى كىدىئان ئەتىگەندە خۇش خەۋەر ئېلىپ كىرگەن دەرۋازىۋەنىنىڭ قولىغا يۈز سەر كۈمۈش سۆيۈنچە تۇتقۇزۇپتۇ ۋە:

— سۈبھىدە كۆرگەن چۈشۈم ئەسلىدە ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئىكەن. سەھەردە كۆرگەن چۈشنىڭ ئۇخرىسىغا كېلىدىغانلىقى راست ئوخشايدۇ. ۋەزىر، سىز چىقىپ باينى ئوردىغا چاقىرىپ كىرىڭ! — دەپتۇ شاھ ئوڭ قول ۋەزىرگە خۇشال بولغان هالدا.

ئوڭ قول ۋەزىر دەرۋازىۋەن بىلەن چىقىپ كېتىپ، مەنسۇر باينى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ مەنسۇر باي ئۈچۈن كاتتا زىياپەت تەييارلاپتۇ ۋە بىر كۈن زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋاپتۇ. پادىشاھ كىدىئان مەنسۇر باينىڭ ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى كۆرۈپ چىقىپ، ھەممىسىنى ئوردىغا ئېلىپ قالماقچى بوپتۇ.

مەنسۇر باي پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ ئىككىنچى كۈنى پادىشاھ سەكسەن قېچىر مالنىڭ ھېساباتىنى قىلىشنى خىزمەتچىلىرىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتمەيمىز؟ — دەپ سوراپتۇ سەمەر كارۋانلارنىڭ يول باشلىغۇچىسىدىن.

— ھەي گۇناھكار، باي ئېلىپ كەلگەن ماللارنىڭ ھەممىسىنى ھېسابلاپ پادىشاھقا سېتىپ، پۇلىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىمىز، يەنە تۆت كۈندىن كېيىن باي

بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى ھېساباتنىڭ قۇيرۇقى بوغۇلۇپ بولۇشى مۇمكىن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يول باشلىغۇچى. مەنسۇر باي سەمەرنى زىنداندىن ئېلىپ چىققاچقا، باينىڭ چاكارلىرى ئۇنى «گۇناھكار» دەپ ئاتىشىدىكەن.

— مۇشۇ كىچىككىنە ئىشقىمۇ سەككىز كۈن ھېسابات قىلغان بارمۇ؟ ئەگەر مەن بولغان بولسام، سەككىز كۈن ئەمەس، بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە بارلىق مالنىڭ ھېسابىنى قىلىپ تۈگەتكەن بولاتتىم، — دەپتۇ سەمەر تېرىكىپ. سەمەرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان باشقا چاكارلار، بۇ گۇناھكار ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ كۈلۈشۈپتۇ. بىراق، يول باشلىغۇچى سەمەرنىڭ بۇ گېپىنى مەنسۇر بايغا كىرىپ يەتكۈزۈپتۇ. يول باشلىغۇچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ھەيران بولۇپ، سەمەرنى تېزدىن ئوردىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

كارۋانلارنىڭ يول باشلىغۇچىسى سەمەرنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. پادىشاھ كىدىئان چىرايى ۋە قەددى - قامىتى كېلىشكەن بۇ يىگىتكە دەپتەر - قەلەمنى تۇتقۇزۇپتۇ.

سەمەر بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە مەنسۇر باي دەپ بەرگەن مالنىڭ تۈرى، سانى، پۇلىنى چاكار ۋە ئات - ئۇلاغلارنىڭ چىقىمى بىلەن قوشۇپ ھېسابلاپ بوپتۇ. مەنسۇر باي ۋە پادىشاھ خۇددى ئۆزلىرى ئويلىغاندەك چىقىرىلغان بۇ ھېساباتتىن تولۇق رازى بوپتۇ. پادىشاھ بۇ يىگىتنىڭ چىچەنلىكىگە ھەيران بولۇپ، ئەقلىگە باركاللا ئېيتىپتۇ ۋە سەمەرنى خەزىنىنىڭ ھېساباتچىلىقىغا ئېلىپ قالماقچى بولۇپ:

— مەنسۇر باي، بۇ ھەقىقەتەن چېچەن يىگىت ئىكەن، ئوردىدا قېپقالسا، مەن خەزىنە ھېساباتچىسى قىلسام، — دەپتۇ.

— پادىشاھئالەم، مەن سىلىگە بۇنىڭدىن باشقا مالايلارنىڭ قايسىسىنى دېسىلە بېرەي، بىراق بۇ يىگىتنى بېرەلمەي-

مەن، — دەپتۇ مەنسۇر باي پادىشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ،
— ئۇنداقتا، مەن سىزنىڭ بىر چاكىرىڭىزنىڭ ئورنىغا قىرىق چاكار قوشۇپ بېرەي، — دەپتۇ كىدىئان پادىشاھ.
— مەن سىلىدىن ئەلۋەتتە بىر چاكارنى تالاشمايتتىم، سىلىدەك بىر ئەلنىڭ پادىشاھىغا مەندەك ئادەتتىكى بىر سودىگەرنىڭ مالىيىنىڭ ياراپ قېلىشى چوڭ بىر بەخت. «مەنسۇر باي بۇخارا ئېلىنىڭ پادىشاھىغا بىر گۇناھكار مالاينى بەرمەپتۇ» دېسە، بۇ مېنىڭ نامىم ئۈچۈن نومۇس، بىر ئەمەس، يۈز مالىيىم بولسىمۇ بېرەتتىم. بىراق، بىزنىڭ ھاياتىمىز مۇشۇ يىگىتنىڭ قولىدا. ئەگەر بىز بۇ يىگىتتىن ئايرىلساق، ئۆز يۇرتىمىزغا ساق - سالامەت يېتىپ بارالماي، ئەجەل دەرياسىدا لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ، ھاياتىمىز ۋە مال - دۇنيالىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. پەقەت ئاشۇ يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەن شۇنچە نۇرغۇن مالنى ئوغرى - قاراقچىلاردىن ساق - سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ، خېيىمخەتەرسىز ھالدا بۇخارا ئېلىگە ئېلىپ كېلەلىدىم. مەن بۇ يىگىتنى ئالىيلىرىغا راستىنلا بېرەلمەيمەن، تەڭلىكتە قويمىغايلا، — دەپ، مەنسۇر باي سەمەرنى كىدىئان شاھقا بېرىشكە ئۆزىنىڭ ئىلاجسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ مەنسۇر باينىڭ چاكىرى سەمەرگە بولغان قىزىقىشى تېخىمۇ ئېشىپتۇ ۋە:
— سەكسەن قېچىرلىقىمىزغا خەزىنىدىكى ئەڭ قىممەت باھالىق ماللاردىن ئارتىپ بەرسەم قانداق؟ — دەپتۇ.
— جانابلىرى، بۇ يەردىكى گەپ ئادەمنىڭ ئورنىغا ئادەم بېرىش ياكى مال - دۇنيا بېرىشتە ئەمەس. بۇ ئىشتا كەمىنىلىرى ئىلاجسىز، كەچۈرگەيلا، — دەپتۇ مەنسۇر باي.
كىدىئان شاھ ھەرخىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ باققان بولسى-

مۇ، لېكىن مەنسۇر باينى زادىلا گېپىگە كۆندۇرەلمەپتۇ.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ چىرايدا يەتتە ئىقلىمدا تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىزىم بار. مەن بۇ قىزىمنى نى كاتتا شاھزادە، خانزادە، ئېسىل بەگزادىلەرگە بەرمىگەن. قىزىمنى بۇ يىگىتكە بەرسەم قانداق دەيسىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ مەنسۇر بايغا.

— جانابلىرىنىڭ چوڭ ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت. مېنىڭ ئۇ چاكىرىم سىلىنىڭ قىزلىرىغا لايىق بولمىسىمۇ، سىلىنىڭ بۇ چاكىرىمغا ئاتىدارچىلىق قىلماقچى بولغانلىرى مەن ئۇ-چۇنمۇ چوڭ بەخت! — دەپ، مەنسۇر باي پادىشاھنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

ئەتىسىدىن باشلاپ پۈتكۈل ئوردا مۇلازىملىرى جىددىي توي تەييارلىقىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ كىدىئان پۈت-كۈل بۇخارا شەھىرىدىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بول-غان بارلىق خەلقنى تويغا تەكلىپ قى-لىپ، كاتتا ۋە داغدۇغىلىق توي مەرىكىسى ئۆت-كۈزۈپتۇ. توي قىرىق كۈن داۋاملىشىپتۇ. يەتمىش پاتمان گۈرۈچ سىغى-دىغان چوڭ داش قازانلاردا قىرىق كېچە-



كۈندۈز شورپا قايناپ، پولۇلار پىشىپ، داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلار چېلىنىپ، پۈتكۈل شەھەر بايرام شادلىقىغا چۆمۈپتۇ.

قىرىق بىرىنچى كۈنى پادىشاھ كىدئان قىزىنى سەمەرگە نىكاھلاپ بېرىپتۇ. يىگىرمە تۆگىگە قىزىنىڭ زىبۇزىننەت كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، يىگىرمە تۆگىگە يېمەك ـ ئىچمەك، ئون تۆگىگە پۇل ـ پۈچەكلەرنى يۈكلەپ بېرىپتۇ. مەنسۇر باي ۋە ئۇنىڭ چاكارلىرىغا تون ـ سەرپايلارنى ئىنئام قىلىپ، سەكسەن قېچىرغا ئۆز ئېلىدىكى ئېسىل ماللاردىن ئارتىپ بېرىپ يولغا سېلىپتۇ.

كىدئان شاھنىڭ قىزى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پەرىزات قىز بولۇپ، بىر كۆرگەن ئادەم ئاشىقى بىقارار بولۇپ خۇدىنى يوقىتىدىكەن. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاسماندىكى ئاي، يۇلتۇزلار، جەننەتتىكى ھۆر ـ پەرىلەرمۇ خىجىل ئىكەن، بەدىنىدىن ئىپار ـ ئەنبەر پۇراپ تۇرىدىكەن، ئىسمى دىلخۇمار ئىكەن. يەتتە ئىقلىمدىكى كاتتا شاھزادە، خانزادە، بەگزادىلەر بۇخارا ئېلىنىڭ بۇ گۈزىلىگە ئاشىق بولۇپ ۋەسلىگە يېتەلمەي جېنىدىن جۇدا بولۇشقانىكەن. مەلىكە دىلخۇمار چىراي ـ قامەت، ئەقىل ـ پاراسەت، ئەدەپ ـ ئەخلاقتا ئۆزىگە ئوخشاشلا تەڭدىشى يوق يىگىت سەمەرنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرۈپ، خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ خىيالىدىكىدەك يىگىت بىلەن مۇرادىنى ھاسىل قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. سەمەرمۇ مەلىكە دىلخۇمارنى كۆرگەن كۈندىن ئېتىبارەن كۆڭلىگە ئاشىقلىق ئوتى تۇتىشىپ، ئۇلار خۇدا قوشقان بىر جۈپلەردىن بولۇپ قاپتۇ.

ئەسلىدە مەنسۇر بايمۇ كىدئان شاھنىڭ قىزى دىلخۇمارنى كۆرگەن كۈندىن تارتىپ مەلىكىنىڭ ئىشقى ـ پىراقىدا

ئۆرتىنىپ يۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇخارا ئېلىدە بۇ ئىشىق
ئوتىنىڭ دەردىدە ھەسرەت چەكمەكتىن ئۆزگە ئىلاجىنى قىلال-
مىغانىكەن. بۇخارا شەھىرىدىن ئايرىلىپ يەتتە كۇن يول يۇر-
گەندىن كېيىن، مەنسۇر باي چاكارلىرىغا:

— ئەي مېنىڭ ئاقىل چاكارلىرىم، بىز جاپا - مۇشەق-
قەتنى بىللە تارتىپ، راھەت - پاراغەتتە بىللە بولۇپ ئەللىك
نەچچە كۇننى بۇخارا شەھىرىدە ئۆتكۇزگەندۇق. بىراق، بۇخارا
شەھىرىنىڭ پادىشاھى قىزى مەلىكە دىلخۇمارنى قاراپ تۇرۇپ
بىر گۇناھكارغا بەردى، ئەسلىدە ئۇ مەلىكە ماڭا تەئەللۇق ئىد-
دى. قىرىقىڭلار بىر بولۇپ ھېلىقى گۇناھكارنى ئۇجۇقتۇرۇ-
ۋېتىپ، مەلىكىنى ماڭا ئېلىپ بەرسەڭلار قانداق؟ — دەپ
مەسلىھەت ساپتۇ. پادىشاھ كىدىئان مەنسۇر بايغا يىگىرمە چا-
كارنى قوشۇپ بەرگەنىكەن. بۇ يىگىرمە چاكار مەنسۇر باينىڭ
سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۆزلىرىنىڭ دەرھال بەجا كەلتۇرىدىغانلى-
قىنى بىلدۇرۇپتۇ. بىراق، مەنسۇر باينىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى
چاكارلىرى:

— ئۆلتۇرمەك ئاسان، بىراق ھازىر ئۆلتۇرۇۋەتسەك
ۋاقتى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ گۇناھكارنى ئۆلتۇرۇۋەت-
سەك، ھەممىمىز ئەجەل دەرياسىدا لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ ئۆ-
لۇپ كېتىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز ئەجەل دەرياسىدىن ئۆ-
تۇۋالغاندىن كېيىن، دەريا بويىدا ئۇ گۇناھكارنى ئۇجۇقتۇرۇ-
ۋېتىپ، تويىنى دەريا بويىدا ئوينىساق. دېمىسىمۇ، مەلىكە ئۆز-
لىرىگە لايىق، مەلىكىنى سىلىگە ئېلىپ بەرسەك، — دەپ
مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ. چاكارلارنىڭ بۇ گېپى مەنسۇر بايغا
خوپ كەپتۇ. شۇ مەسلىھەت بىلەن ئۇلار يەنە يولىنى
داۋاملاشتۇرۇپتۇ. سازلىق، ئورمانلىق، دەشت - باياۋانلارنى
ئارقىدا قالدۇرۇپ ئەجەل دەرياسىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ دەل كۇن

ئۇلتۇرغان ۋاقىت بولۇپ، مەنسۇر باي ئەتىسىگەندە مال ـ دۇنيا ۋە چاكارلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزمەكچى بوپتۇ.

كېچىسى سەمەر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە مەنسۇر باينىڭ دەريادىن ئۆتۈپ بولۇپ ئۆزىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، ئايالى مەلىكە دىلخۇمارنى ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، مال ـ دۇنيالىرىغا ئىگە بولۇۋېلىش يامان نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقى ئايان بوپتۇ. سەمەر ئويغىنىپ، مەلىكە دىلخۇمارغا:

— ئەي مەلىكەم، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈشىمىز بىلەن تەڭ تەقدىر ئىككىمىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىۋەتكۈدەك. مەنسۇر باي نىيىتى بۇزۇلۇپ، مېنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، سىزنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنىڭ پىلانىنى قىلىۋاتىدۇ. بىز دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، مەنسۇر باي سىزگە: «ماڭا تېگىپ خوتۇن بولۇڭ» دەيدۇ. سىز ھەرگىز ياق دېمەستىن: «بىر باشقا بىر بۆك ھامان لازىم. مەن سىلىگە تەگمەي كىمگە تېگەي؟ ئەسلىدە مەن ئۆزلىرىگە لايىق ئىدىم. مەن ھەم سىلىسىز جېنىمنى جان ئېتەلمەيمەن. مېنىڭ ئېرىم بولسا ئۆلۈپ تۈگىدى، بىراق مېنىڭ بىر شەرتىم بار: مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قائىدىسى بويىچە خۇدا يولىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىمگە ئالتە ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇپ، ئىبادەت قىلىپ روھىنى ياشارتىشىم كېرەك. سىلى مۇشۇ شەرتىمگە كۆنسىلە، ئالتە ئاي ئون كۈندىن كېيىن مەن سىلى بىلەن توي قىلىشقا رازى» دەڭ. باي ئىلاجسىز سىزنىڭ شەرتىڭىزگە قوشۇلىدۇ. ئالتە ئاي ئون كۈن توشقاندىن كېيىن باي سىزگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويىدۇ. سىز بايغا قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرسىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن توي قىلاي-لى، دەڭ. سىزگە ئۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن بىز ئۇچرىشىمىز، — دەپتۇ. ئۇلار يىغلاپ ـ قاقشاپ بۇ كې-



www.uyghurkitap.com

چىنى تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.
ئەتىسى ئەتىگەندە سەمەرنىڭ چېدىرىغا ئۇنى چاقىرغىلى
مەنسۇر باينىڭ ئىككى چاكىرى كىرىپتۇ. سەمەر مەلىكە دىل-
خۇمار بىلەن كۆز يېشى قىلىپ خوشلىشىپ، مەنسۇر باينىڭ
يېنىغا كەپتۇ. مەنسۇر باي سەمەرنى دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆ-
تۈشكە بۇيرۇپتۇ. سەمەر دولقۇنلىنىپ ئېقىپ تۇرغان دەريا
قايىنىمىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. سەمەر دەرياغا ئۆزىنى ئېتىشى
بىلەن تەڭ مەنسۇر باي بارلىق مال ـ دۇنيا، چاكارلىرىنى
كېمە ئارقىلىق دەرياغا ساپتۇ. باينىڭ كېمىلىرى ۋە چاكارلى-
رى ساق ـ سالامەت دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈپتۇ. سەمەر دەر-
يانىڭ قىرغىقىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، مەنسۇر باينىڭ
يىگىرمە چاكىرى كېلىپ:
— تەلەيلىك گۇناھكار، دەرياغا قاراپ باق! — دەپتۇ.
سەمەر شۇنداق بۇرۇلۇپ دەرياغا قارىشى بىلەن تەڭ، يىگىرمە
چاكار تەڭلا ئۇنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ دەرياغا تاشلىۋې-
تىپتۇ. بىر لەھەڭ كېلىپ ئۇنى يۇتۇپ كېتىپتۇ.
مەلىكە دىلخۇمار ۋە ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى قولغا
چۈشۈرۈشنىڭ نىيىتىدە بولۇپ يۈرگەن مەنسۇر باي سەمەرنى
ئۆجۈقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز مەقسىتىمگە يەتتىم، دەپ
ئويلاپتۇ ۋە سەمەرنى لەھەڭلەرنىڭ يەپ كەتكەنلىكىگە ئېچىن-
غان قىياپەتتە مەلىكە دىلخۇمارنىڭ قېشىغا كىرىپ:
— سەمەر تولىمۇ ئەقىللىق، مەرد يىگىت ئىدى. تەقدىر-
نىڭ قىسمىتى بىلەن لەھەڭلەرگە يەم بولۇپ ياش جېنىدىن
ئايرىلدى. بۇمۇ خۇدانىڭ تەقدىرى. مەن سىزنىڭ، شۇنداقلا ئا-
تىڭىز پادىشاھ كىمدىئاننىڭ ئالدىدا تولىمۇ خىجىل. ئاتىڭىز-
نىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى يۈزد-
سىدىن سىزنى ئۆز نىكاھىمغا ئېلىپ، ئاتىڭىزنىڭ ياخشىلى-

قىنى سىز ئارقىلىق قايتۇراي دەۋاتىمەن. سىزنىڭ يارلىقىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مەلىكە دىلخۇمار سەمەرنىڭ ئۆزىگە ئۆگەتكىنى ئۆتۈنۈپتۇ:

— بىر باشقا بىر بۆك ھەرقاچان لازىم. ئۆزلىرىدەك يۇرت كاتتىسى مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولۇۋاتقان تۇرسا، قانداقمۇ ياق دېيەلەي؟ بىراق، مېنىڭ ئېرىم لەھەڭگە يەم بولۇپ كەتتى. ئېرىمنىڭ روھى ئۈچۈن ئالتە ئاي ئون كۈن خۇداغا تائەت - ئىبادەت قىلىشىم كېرەك. ئۆزلىرى مېنى ئەمرىلىرىگە ئالماقچى بولسىلا، ئالتە ئاي ئون كۈندىن كېيىن ئالسىلا، — دەپتۇ مەنسۇر بايغا. باي ئىلاجسىز مەلىكە دىلخۇمارنىڭ بۇ شەرتىگە كۆنۈپتۇ.



مەنسۇر باي مەلىكە دىلخۇمارنى ئۆز يۇرتىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۆز ھويلىسىدىن ئايرىم بىر ئۆينى تەييارلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئون ئىككى ئايالنى ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويۇپتۇ. ئۆزى بولسا ئالتە ئاينى ئۆتكۈ-



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

زۇش ئۈچۈن چاكارلىرىنى باشلاپ سودىگەرچىلىككە چىقىپ كېتىپتۇ. مەلىكە دىلخۇمار ئېرى سەمەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ، ئۇنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى خۇدادىن تىلەپ ئالتە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئالتە ئايدىن كېيىن مەنسۇر باي قايتىپ كېلىپ، مەلىكە دىلخۇمارغا توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇپتۇ. باينىڭ تەكلىپىنى ئاڭلىغان مەلىكە:

— مېنىڭ يەنە بىر شەرتىم بار، ئۆزلىرى ئاشۇ شەرتىمنى ئادا قىلغاندىن كېيىن توي قىلىپ مېنى ئەمرىلىرىگە ئالسىلا، — دەپتۇ.

— سىزنىڭ ھەرقانداق شەرتىڭىز بولسا ئورۇنداشقا مەن تەييار. شەرتىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ، — دەپتۇ باي.

— ئۆزلىرىنىڭ مېنى راستتىنلا خوتۇنلۇققا ئېلىش نىيەتلىرى بولسا، ماڭا قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشلىرى كېرەك، — دەپتۇ مەلىكە دىلخۇمار. مەلىكىنىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان باي بۇ شەرتنى ئاڭلاپ بېشى قېتىپتۇ. ئۆزى قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ تېپىپ مەلىكىگە ئېيتىپ بەرگۈزۈپ شەرتنى ئادا قىلىپ، ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالماقچى بوپتۇ. مەنسۇر باي قىرىق نەپەر چاكىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— شەھەرمۇشەھەر، يۇرتمۇيۇرت بېرىپ چاكارلاڭلار، كىمدەكىم قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلسە، دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قىلىمەن! — دەپ چاكارلىرىغا بۇيرۇق قىپتۇ. باينىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىرىق نەپەر چاكار قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئاتلىنىپتۇ.

مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرى قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكا-يىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ تاپقاچ تۇرسۇن بىرنەچچە كەلىمە سۆزنى سەمەردىن ئاڭلايلى:

بۇ شەھەردە بىر بېلىقچى بوۋاي بولۇپ، ھەر كۈنلۈكى ئەجەل دەرياسىغا تور تاشلاپ، بېلىق تۇتۇپ سېتىش ئارقىلىق كۈننى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ بېلىقچى كۈندىلىك ئادىتى بويىچە بۈگۈن ئەتىگەن ئەجەل دەرياسىغا كېلىپ، تورنى كەڭ يېيىپ دەرياغا سالغانىكەن، تورغا بىر لەھەڭ چۈشۈپتۇ. بوۋاي ئەتە-گەندىلا خۇدانىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ئىلتىپاتىغا مىڭ مەرتە رەھمەت ئېيتىپ، تورنى يىغىپ لەھەڭنىڭ قارنىنى يېرىپتۇ. لەھەڭنىڭ قارنىدىن قەددى ـ قامەتلىك، كېلىشكەن يىگىت ـــ سەمەر چىقىپتۇ. ئۇ ھوشسىز ئىكەن. بوۋاي سەمەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، داڭلىق تېۋىپلارنى تەكلىپ قىلىپ، قىرىق كۈن داۋالىتىپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئاپتۇ. ئىلگىرى بۇ بېلىقچىنىڭ تورىغا گاھى كۈنى بىر، گاھى كۈنى ئىككى بې-لىق ئاران چۈشىدىكەن، سەمەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن كۈن-دىن باشلاپ تورنى قېتىم ھەر دەرياغا تاشلىسا بەش ـ ئون لەھەڭ چۈشۈپتۇ. بوۋاي بۇ لەھەڭلەرنى بازارغا ئاپىرىپ سې-تىپ، ئۆمرىدە ئويلاپمۇ باقمىغان دەرىجىدىكى كاتتا بايغا ئاي-لىنىپتۇ. قىرىق كۈندىن كېيىن سەمەر سەللىمازا ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

بىر بازار كۈنى بېلىقچى بوۋاي ئەتىگەن تۇتقان بېلىقلى-رىنى سېتىپ چىقىش ئۈچۈن بازارغا كىرگەنىكەن، مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرىنىڭ شەھەر ـ بازار كوچىلىرىدا: «ئەييۇ-ھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇخاس! باي غوجامنىڭ ئەمرى، قانداقلىكى كىشى سەمەر بىلەن قەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىل-سە، باي ئۇ كىشىگە مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قىلىدۇ!» دەپ

توۋلاپ يۈرۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. بېلىقچى بوۋاي شەھەرگە ئېلىپ كىرگەن بېلىقلىرىنى سېتىپ ئۆز ئۆيىگە يېنىپ چىققاندا، سەمەر بوۋايدىن:

— بوۋا، بۈگۈن بازاردا قانداق يېڭىلىقلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرىنىڭ شەھەر كوچىلىرىدا قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغان كىشىنى ئىزدەپ جار سېلىشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېچقانداق يېڭىلىق يوق. ھەممە ئىش ئىلگىرىكىدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي.

بۇنى ئاڭلىغان سەمەر ئۆز مەھبۇبى مەلىكە دىلخۇمارنىڭ بۇ شەھەردە ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ ۋە:

— بوۋا، سىز تېزدىن مەنسۇر بايغا مېنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىڭ. مەن قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىمەن، — دەپتۇ.

بېلىقچى بوۋاي مەنسۇر باينىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئوغلىنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ-تۇ. بۇنى ئاڭلىغان باي غايىب خەزىنە تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ ۋە تۆت نەپەر ئاتلىق چاكىرىنى بېلىقچى بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ. بۇ تۆت چاكار بېلىقچى بوۋاي بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئاڭ-غىچە سەمەر نىقابلىنىۋاپتۇ. بېلىقچى بوۋاي مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرىنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كېلىپ، سەمەرگە چاكارلار-نىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. سەمەر چاكارلار بىلەن بىللە مەنسۇر باينىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. مەنسۇر باي نىقابلى-نىۋالغان سەمەرنى تونۇيالمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپتۇ ۋە:

— مېنىڭ ئالماقچى بولغان ئايالىم قەمەر بىلەن سەمەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىش شەرتىنى قويدى. بېلىقچى بوۋاي ئۆزلىرىنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بىلد-دىغانلىقلىرىنى خەۋەر قىلىپ مېنى بىر غەمدىن خالاس قىلالا-دى. ئۆزلىرى مەن ئالماقچى بولغان ئايالغا قەمەر بىلەن سە-مەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرسىلە، — دەپتۇ.

— بوپتۇ، سىلىنىڭ بەختلىرى ئۈچۈن مەن قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى بولغۇسى ئاياللىرىغا ئېيتىپ بېرەي. بىراق، مەن ھېكايىنى ئېيتىشتىن ئىلگىرى سىلى مېنىڭ ئىك-كى تۆرلۈك شەرتىمنى ئورۇنداشلىرى كېرەك، — دەپتۇ سەمەر.

— مەن ئۇ مەلىكىنى ئۆز نىكاھىمغا ئېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق شەرت بولسا ئورۇندايمەن. قېنى، ئۆزلىرى شەرتنى ئوتتۇرىغا قويسىلا؟ — دەپتۇ باي كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— مەن سىلى ئالماقچى بولغان مەلىكىگە قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، سىلى ماڭا بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۇ ھېكايىنى ئېيتىشىمغا ئىجازەت قىلغانلىقى توغرىسىدىكى مۆھرى بېسىلغان خېتىنى ئەكېلىپ بېرىدىلا، بۇ بىرىنچى شەرت. ئىككىنچى شەرت، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى شەھەر مەيدانىغا يىغسۇن. مەن قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سىلى ئالماقچى بولغان مەلىكىگە، شۇنداقلا پۈتكۈل خەلققە ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ سەمەر.

سەمەرنىڭ بۇ شەرتلىرىنى ئاڭلىغان باي ھەيران بوپتۇ ۋە:

— پادىشاھ دېگەن ئادەتتىكى كىشى بولمىسا، بىر دۆلەت-نىڭ پادىشاھى تۇرسا، مۇشۇنداق ئادەتتىكى بىر ئىش ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ھېكايە ئېيتىش ئۈچۈن پادىشاھتىن تىلخەت ئې-لىپ، پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى شەھەر مەيدانىغا يىغىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟! بۇ تولىمۇ يولسىز شەرت

ئىكەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا سىلى بۇ شەرتنى يولسىز كۆرۈپ، ئو-رۇنداشتىن باش تارتسىلا، مەنمۇ ھېكايىنى ئېيتمايمەن، — دەپتۇ سەمەر.

مەنسۇر باي ئىلاجسىز ئوردىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ قە-مەر شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سۇلتانى باكىرەم! — دەپ باش ئېگىپ، قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

قەمەر شاھ باينىڭ كېلىش سەۋەبىنى سوراپتۇ. باي ئېيى-تىشقا ئىلاجسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— ھەرقانداق غەم - غۇسسىڭىز بولسا قورقماستىن ئېيتىۋېرىڭ. سۆزىڭىز ئورۇنلۇق بولسا ھەم قۇربىم يەتسىلا بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ قەمەر شاھ.

— مېنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچقانداق ئارتۇق غېمىم قالمىدى، بىراق مەن كىدىئان شاھنىڭ مەلىكىسىگە ئۆيلەنمەكچى بولغا-نىدىم. ئۇ مەلىكە قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيى-تىپ بېرىشىمنى توي قىلىشىنىڭ شەرتى قىلدى. مەن ئۇ ھې-كايىنى بىلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، چاكارلىرىمغا شەھەر كوچىلى-رىغا چىقىپ، كىمكى قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىشنى بىلسە، ئۇ كىشىگە مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قى-لىدىغانلىقىم توغرىسىدا جار سالدۇردۇم. كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر بېلىقچىنىڭ ئوغلىنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايى-سىنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. بىراق، ئۇ بېلىقچىنىڭ ئوغلى ئۆزلىرىنىڭ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتسا بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى مۆھرىلىرى بېسىلغان تىل-خەتلىرىنىڭ بولۇشىنى ھەم سىلى پۇتكۈل شەھەر خەلقىنى شەھەر مەيدانىغا يىغسىلا، ئاندىن سىلىنىڭ يانلىرىدا ئولتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىدىغانلىقىنى شەرت قىلدى. مەن شۇ شەرت ۋەجدىن ئىلاجسىز ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدۇم، — دەپتۇ مەنسۇر باي.

قەمەر شاھمۇ قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپتۇ ۋە بۇ كۈلكىلىك شەرتنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ.

— سىز قەمەر بىلەن سەمەرنىڭ ھېكايىسى ئارقىلىق بەختلىك بولىدىغان ئىش بولسا بوپتۇ. مەن بېلىقچى بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ شەرتلىرىنى تامامەن ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

مەنسۇر باي پادىشاھ قەمەرگە توققۇز قېتىم تەزىم قىلىپ، ئوتتۇز قېتىم رەھمەت ئېيتىپ ئوردىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ شەرتلەرنى تامامەن ئورۇندايدىغانلىقىنى سەمەرگە يەتكۈزۈپتۇ.

پادىشاھ قەمەر پۈتكۈل شەھەر خەلقىنى شەھەر مەيدانىغا يىغىپ، ئۆزى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، سەمەر ئۈچۈن يېنىدا بىر كۈمۈش كۇرسىنى قويۇپ قويۇپتۇ.

مەنسۇر باي مەلىكە دىلخۇمارنى، سەمەرنى ۋە چاكارلىرىنى ئېلىپ شەھەر مەيدانىغا يېتىپ كەپتۇ. پادىشاھ قەمەر نىقابلىنىۋالغان ئىنىسى سەمەرنى تونۇيالماپتۇ. سەمەر كۈمۈش كۇرسىدا ئولتۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلاپتۇ.

سەمەر دادىسى تەرىپىدىن ئاكىسى قەمەر بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى، چۆلدە بەخت قۇشىنى ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ ئاكىسىنىڭ بىلىگە تۇگۇپ قويغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ يەنە بىر قۇشنىڭ گۆشىنى يەپ جان ئۈزگەنلىكى، ئەۋلىيالارنىڭ ياردىمى بىلەن قايتا تىرىلىپ ئاكىسىنى ئىزدەپ شەھەرگە كىرىپ ئەجدىھاغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان قىزنى قۇتقۇزۇپ، ئەجدىھانى يوقاتقانلىقى، ئۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ۋەزىرنىڭ

نىيىتى بۇزۇلۇپ... ئاخىر ئۆزىنى زىندانغا سالغانلىقىنى ھې-
كايە قىپتۇ. ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ھەممە ئىشنى چۈشە-
نىپ ئولتۇرغان قەمەر شاھ تاقەت قىلالماي:

— جاللات ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار ھازىر بوپتۇ.

— مەككار ۋەزىرنى نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇپ دارغا ئاس ! —
دەپ ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار ۋەزىرنى نۆكەرلىرى بىلەن قوشۇپ
دارغا ئېسىپتۇ. سەمەر ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

سەمەرنىڭ زىنداندىن چىقىپ مەنسۇر بايغا چاكار بولۇپ،
ئەجەل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بۇخاراغا بېرىپ پادىشاھنىڭ قىزى-
نى ئالغانلىقى، ياناشىدا مەنسۇر باينىڭ نىيىتى بۇزۇلغانلىقى،
بۇ قارا نىيەتلىك ئادەمنىڭ غەرىزىنى سەمەر بىلەن ئايالى
دىلخۇمارنىڭ سەزگەنلىكى، دەريادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن
مەنسۇر باينىڭ چاكارلىرى سەمەرنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ
دەرياغا تاشلىۋەتكەنلىكى، لەھەڭ يۇتۇۋەتكەن سەمەر بېلىقچى
بوۋاي تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىنغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ
سەمەر ئىكەنلىكى ھەم بۇ سورۇنغا قانداق كېلىپ قالغانلىقى-
نى ھېكايە قىلىپ كېلىپ، يۈزىدىكى نىقابىنى ئېلىۋېتىپتۇ.

پادىشاھ قەمەر ئىنىسى سەمەرنىڭ ئۆز يېنىدا ئولتۇرغانلى-
قىنى كۆرۈپ، تەقدىرنىڭ قىسمىتىگە ھەيران قاپتۇ. ئاكا - ئۇكا
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆزلىرىدىن دىدارلىق ياشلىرىنى ئاق-
قۇزۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پۈتكۈل شەھەر خەلقى ھەيران بولۇشۇپ-
تۇ. ئالتە ئايدىن بېرى ئېرى سەمەرنىڭ دىدارىغا ئىنتىزار بولۇپ
كەلگەن مەلىكە دىلخۇمار ئۆزىنى سەمەرنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ
ھوشىدىن كېتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقىنىڭ ھەيرانلىقى
تېخىمۇ ئېشىپتۇ. مەلىكە دىلخۇمار ئاغزىغا ئابىھايات سۈيى تې-
مىتىلىپ ھوشىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ قەمەر:

— جاللات ! — دەپ توۋلىغانىكەن، قىرىق نەپەر جاللات:

— لەببەي، پادىشاھىئالەم، پەرمانلىرىڭغا تەييار بىز! — دەپتۇ قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ. پادىشاھ:

— كاززاپ مەنسۇر باينى چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ دارغا ئېسىڭلار! — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. جاللاتلار مەنسۇر باينى چاكارلىرى بىلەن قوشۇپ دار مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شەھەر مەيدانىغا يىغىلغان خالايىقلار پادىشاھ قەمەرنىڭ ئادىللىقىغا ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. پادىشاھ قەمەر مەيدانغا يىغىلغان پۈتكۈل خەلقنى ئىنىسى سەمەر بىلەن مەلىكە دىلخۇمارنىڭ تويىغا تەكلىپ قىپتۇ.

شەھەر ئەتىسىدىن باشلاپ قىرىق كۈنگىچە توي تەنتەنىسىگە چۆمۈپتۇ. نەچچە مىڭلىغان كالا، قويلارنىڭ بېشى كېسىلىپ، مىڭ پاتمانلىق داش قازانلاردا شورپىلار قايناپ، پولۇلار پىشىپ تۇرۇپتۇ. داقا ـ دۇمباق، كاناي ـ سۇنايلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سېپتۇ. شەھەر خەلقى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ توي تەنتەنىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈشۈپتۇ. بۇ خۇشاللىق يۈزىسىدىن پادىشاھ قەمەر پۈتكۈل شەھەر خەلقىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ يىلغىچە ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىقنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھ قەمەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىشىپتۇ.

شاھزادە سەمەر قىرىق كۈندىن كېيىن ئايالى مەلىكە دىلخۇمارنى ئېلىپ، قېيناتىسى پادىشاھ كىدىئاننىڭ شەھىرى — بۇخاراغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇردا مۇلازىملىرى ئەجەل دەرياسىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. پادىشاھ قەمەر ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل كوزىچى بوۋاينى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە، بېلىقچى بوۋاينى سول قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ. «ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىق كۆرەرسەن» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# ئەجدىھا ئېگىزلىكتە

بۇرۇنقى زاماندا ساماۋى ھاپىز دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن، ئۇ پەرزەنت ئۇچۇن زار ئىكەن. تەلپىگە يارىشا خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ۋاقتى - سائىتى يېتىپ تەۋەللۇت قىپتۇ. بىراق، تۇغۇلغىنى ئادەمزات بولماستىن، بىر ئەجدىھا ئىمىش. بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ساماۋى ھاپىز ھەقەمسايىلىرىنى چاقىرىپ كىرىپتۇ. ھەقەمسايىلىرى كىرىپ قارىسا، تۆشەكتە بىر ساھىبجامال ئوغۇل بالا ياتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ساماۋى ھاپىز ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. ھەقەمسايىلىرى مۇبارەكلەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ساماۋى ھاپىز ھەقەمسايىلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كىرسە، تۆشەكتە يەنە ئەجدىھا ياتقۇدەك. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاتا - ئانا ھەيران بولۇپ: «خۇدايىم بىزگە پەرزەنت بەردىم دەپ، بىر ئەجدىھا ئاتا قىپتۇ» دەپ يىغلىشىپتۇ.

ئايدىن ئاي، يىلدىن يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ ئەجدىھا بالا چوڭ بوپتۇ. بىر كۈنى ئۇ دادىسىغا:

— دادا، مەن پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن بىر كۈن ئىچىدە تۇغۇلغان. سىز بېرىپ پادىشاھقا دەڭ، پادىشاھ مېنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ، شۇ قىزىنى ماڭا بەرسە، — دەپتۇ.

— بىز ئاددىي پۇقرا تۇرساق، پادىشاھنىڭ قىزىغا

قانداقمۇ ئىغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ — دەپتۇ دادىسى.


— دادا، سىز ئاۋۋال بىرىلىڭ، ئۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈم قىلـ لىمەن، — دەپتۇ بالا.

دادىسى ماقۇل بولۇپ ئۆيىدىن چىقىپتۇيۇ، لېكىن پادىشاھـ نىڭ ئۆيىگە: «قىزلىرىنى ئوغلۇمغا بەرسىلە» دەپ بېرىشقا جۈرـ ئەت قىلالماي، كۈنىنى تالادا ئۆتكۈزۈپ، كەچ كىرگەندە ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.

— دادا، باردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەجدىھا بالا.

— باردىم، بالام، پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بوـ لۇپ مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇغىلى تاس قالدى، ئاران تەسلىكتە جاننى ياقىغا ئېلىپ قېچىپ كەلدىم، — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، يالغان سۆزلىدىڭىز، پادىشاھنىڭكىگە بارماي،



ئۆستەڭ بويىدا دەرەخ سايىسىدە يېتىپ كەچ بولغاندا قايتىپ كەلدىڭىز، — دەپتۇ ئەجدىها بالا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دادىسى ھەيران قاپتۇ، «بۇنىڭدا بىر سىر - ھېكمەت بار ئوخشايدۇ» دەپ جەزم قىپتۇ. ئەتىسى ئەجدىها بالا دادىسىنى يەنە پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشقا دەۋەت قىپتۇ. دادا غەمگە چۆشۈپ، خۇدايىم بىزگە بالا ئەمەس، ئالا-مەت بىر بالا بېرىپتۇ، دەپ ئويلاپ، نائىلاجلىقتا پادىشاھ ئور-دىسىغا بېرىپتۇ. دەرۋازىۋەنلەر ساماۋى ھاپىزنى ئوردىغا كىر-گۈزمەپتۇ، «پادىشاھقا خەۋەر قىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى» دەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پاسىبانلار پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ «كىرسۇن» دەپ ئىجازەت بې-رىپتۇ. ساماۋى ھاپىز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بې-رىپ، يەرگە باش قويۇپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، مېنىڭ بىر ئوغلۇم بار، ھەزرەت-لىرىنىڭ قىزى بىلەن بىر كۈن بىر سائەتتە تۇغۇلغان. قىز-لىرىنى قىز قىلىۋالايمىكىن دەپ ئەلچى بولۇپ كەلدىم، — دەپ-تۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي ئەدەپسىز، سەن قايسى يۈزۈڭ بىلەن مېنىڭ دەرگاھىمغا مۇشۇنداق بىمەنە تەلەپنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟ ! جاللات ! — دەپ چاقىرىپتۇ ۋە ساماۋى ھاپىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار دەرھال ھازىر بولۇپ، ساماۋى ھاپىزنى ئارىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئەجدىها بالا پەيدا بوپتۇ ۋە:

— ساماۋى ھاپىزنىڭ ئوغلى ساماۋى ئەجدىها دېگەن مانا مەن بولىمەن. ئەگەر پەيلىڭدىن يېنىپ قىزىڭنى بەرمەيدىغان بولساڭ، تەختىڭ - بەختىڭنى ۋەيران، شەھىرىڭنى خاراب قى-لىۋېتىمەن، — دەپتۇ پادىشاھقا. پادىشاھ جاللاتلارغا ساماۋى ھا-پىز بىلەن ئەجدىھانى قەتل قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. شۇئان ئەج-

دىھا ئۆزىنى جاللاتلارغا ئۇرۇپتۇ، جاللاتلار ئۇراپ سىلىپ جىنىنى ياقىغا ئاپتۇ. پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ـ ئەمىرلەرمۇ قورقۇپ ئىچىدىن جان ـ ئىمانى چىقىپ، جىنىنى ياقىغا ئاپتۇ. ئەجدىھا پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋەيران قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ كارامەتلەرنى كۆرگەن ۋەزىر ـ ئەمىرلەر: «ئەگەر بۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىساق، پۈتۈن تەختى ـ بەختىمىز ۋەيران، ئۆزىمىز سەرسان بولۇپ كېتىدىكەنمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، مەلىكەمنى ئەجدىھاغا بەرسەك» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. پادىشاھ نائىلاج ماقۇل بولۇپ، قىزىنى ساماۋى ئەجدىھاغا بېرىپتۇ. توي بولغان كۈنى بىر كېلىشكەن يىگىت پەيدا بولۇپ ئۆسسۇل ئويناپتۇ. قىز بۇ يىگىتنى كۆرۈپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ: «مەن ئاشۇنداق بىر يىگىت بىلەن توي قىلغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ھەسرەت چېكىپتۇ. تويدىن كېيىن قىزنى ئەجدىھانىڭ ئۆيىگە يۆتكەپتۇ. قىز يىغلىغان، پەرىشان ھالدا ئەجدىھانىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. ئۆيىگە كىرسە ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىت ئولتۇرغانمىش. بۇنى كۆرگەن مەلىكە خۇشال بولۇپ:

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.


— مەن سىزنىڭ يىغىدىن توي قىلغان ئېرىڭىز ساماۋى ئەجدىھا بولىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. قىز خۇشال بوپتۇ. ئۇ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئۆيدە بىر ئەجدىھا تۇرغۇدەك. قىز بۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپتۇ.

— قورقماڭ، مەن مۇشۇنداق ئەجدىھا قىياپىتىدە تۇرمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ يىگىت.

قىز بۇنىڭ سەۋەبىنى قايتا ـ قايتا سورىسىمۇ، بۇنىڭدىكى سىر ـ ئەسرارنى ئېيتىپ بەرگىلى ئۇنىماپتۇ. يىگىت گاھى ئەجدىھا، گاھى ئادەم بولۇپ بىرقانچە زامان ئۆتۈپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزى ئېرىنىڭ ئەجدىھا پوستىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنىڭ

كويدا يۇرۇپتۇ. ئەمما، ئەجدىھا يىگىت پوستىنى سېلىۋېتىپ ئادەم قىياپىتىگە كەلگەندە، ئەجدىھا پوستىنى قانداق جايغا يوشۇرۇپ قويغانلىقىنى خوتۇنىغا كۆرسەتمەيدىكەن. بىر كۈنى يىگىت ئەجدىھا پوستىنى سېلىپ يوشۇرۇپ قويغان جاينى خوتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئېرىنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۇيدۇرمايلا ئەجدىھا پوستىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ. يىگىت دەرھال ھازىر بوپتۇ، ئەمما ئۈلگۈرەلمەپتۇ. ئۇ:

— ھەي بىئەقىل! خەير، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ. ئەمدى مەڭگۈلۈك ئايرىلدۇق. مېنى بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسەن، — دەپلا بىر ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ-دە، غايىب بوپتۇ. قىز يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، پۇشايمان قىپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ.



ئەمدى گەپنى ساماۋى ئەجدىھادىن ئاڭلىلى:

ساماۋى ئەجدىھا ئەسلىدە ناھايىتى چىرايلىق، يېگىز بول-غانلىقتىن، كۆھىقاپتىكى پەرى شاھنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭغا ئاشىق ئىكەن، ئەمما ئۇلار ئەجدىھا پوستىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ساماۋى ئەجدىھانى ئېلىپ قاچالماي، پۇرسەت كۈتۈپ يۈرگەن-كەن. يىگىت ئەجدىھا پوستىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ يوشۇرۇناي دېگۈچىلا، ئۇلار دەرھال كې-لىپ ساماۋى ئەجدىھانى ئالتۇن قەپەسكە سېلىپ كۆھىقاپقا ئې-لىپ قېچىپتۇ. مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ساماۋى ئەجدىھا ئەسلىگە قايتىشنى رەت قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىزاتلار قەيەرگە بارسا ساماۋى ئەجدىھانى بىرگە ئېلىپ بېرىپ، يېنىدىن ئايرىمايدىكەن. بىر كۈنى پەرىزاتلار سۇغا چۈشۈش ئۈچۈن ئور-مانزارلىقتىكى بىر بۇلاق بويىغا كەپتۇ، ساماۋى ئەجدىھانى قە-پەس بىلەن بىر دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بۇلاققا سۇغا چۈشۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئورمانزارلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋات-قان كارۋانلارنىڭ كۆزى دەرەخ ئۇستىدىكى ئالتۇن قەپەسكە چۈ-شۈپ قاپتۇ. كارۋانلار قەپەسنىڭ قېشىغا كېلىپ، قەپەستىكى ئاق كەپتەرنى كۆرۈپتۇ. كەپتەر زۇۋانغا كېلىپ، كارۋانلارغا قاراپ:

— ئەي كارۋانلار، مېنىڭ سىلەرگە بىر ئامانەت سۆزۈم بار. سىلەر مېنىڭ مەھبۇبەم تۇرۇشلۇق شەھەرگە كېتىپ بارىسىلەر. مېنىڭ مەھبۇبەم شۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى. سىلەر ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويساڭلار، ئۇ مېنى ئىزدىمەكچى بولسا، پۈتىغا تۆمۈر-دىن كەش كىيىپ ئىزدىسۇن. تۆمۈر كەشنىڭ تېگى ئۇپراپ تې-شىلىپ پۈتى كۆرۈنگەندە ئاندىن مېنى تاپىدۇ، — دەپتۇ. كارۋانلار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇشۇپ تۇرغىنىدا، قەپەس بىر-دىنلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ غايىب بوپتۇ. بۇلار تېخىمۇ ھەيران

بولۇشۇپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇزۇن كۈنلەر ئۆتۈپ، كارۋانلار ئەجدىھا يىگىتنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ، ئوردىغا كىرىپ، پادىشاھنىڭ قىزىغا قەپەستىكى كەپتەرنىڭ سۆزىنى بايان قىپتۇ. مەلىكە كارۋانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلاپتۇ، دادىسىدىن تۆمۈر كەش قىلدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ ساماۋى ئەجدىھانى ئىزدەپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلماپتۇ. قىز يىغلاپ، چېچىنى چۇۋۇپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ يالۋۇرۇپتۇ. دادىسى نائىلاجلىقتىن ئاخىر ماقۇل بوپتۇ.

مەلىكە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ. مەلىكە تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپتۇ، چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ-تۇ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپتۇ، قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپتۇ. ئاخىر تۆمۈر كەشنىڭ تېگى ئۇپراپ تېشىلىپتۇ، مەلىكە ئەمدى ساماۋى ئەجدىھا بار يەرگە يېقىنلى-شىپتىمەن دەپ ئويلاپ تېخىمۇ قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ، مېڭىش-نى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىر كۈنلەردە ئالدىدا بىر ئىمارەت كۆرۈ-نۈپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قارىسا، بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇرغۇدەك. مەلىكە ئەمدى ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئېلىپ، ئۆستەڭدىن سۇ ئىچىپ تۇرۇشىغا، ئىمارەت ئىچىدىن سۈرەتتەك بىر پەرىزات چىقىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئاپتۇ ۋە مەلىكىدىن:

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟ قەيەردىن كەلدىڭ؟ بۇ يەرگە ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيتتى، سەن قانداق بولۇپ كې-لىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن بۇ يەرگە يولدىن ئېزىپ كېلىپ قالدىم، ھېرىپ ـ چارچاپ، مادارىم قالمىدى، مۇمكىن بولسا ئۆيلىرىدە بىرەر ـ يېرىم كۈن تۇرۇپ ئاندىن ماڭسام، خىزمەتلىرى بولسا خىز-مەتلىرىنى قىلىشىپ بەرسەم، — دەپتۇ مەلىكە.

مەلىكىگە پەرىزاتنىڭ رەھمى كېلىپ، مەلىكىنى ئىچكى-رىگە باشلاپ كىرىپتۇ. بۇ پەرىزاتنىڭ ئىككى ئاچىسى [illegible]-كەن. چوڭ ئاچىسى مەلىكىنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قاراپ:

— بۇ ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان جاي، بۇ ساماۋى ئەجدىھانى ئىزدەپ كەلگەن بولمىسۇن يەنە، — دەپتۇ. ئىـ-كىنچى ئاچىسى:

— بۇ موماي قانداقمۇ ساماۋى ئەجدىھانى ئىزدىيەلىسۇن؟ — دەپتۇ. كەنجى پەرىزات ئىككى ئاچىسىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ-تۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەلىكىنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىشقا ماقۇل بوپتۇ. قەپەس پەرىزاتلارنىڭ ئالدىدا قويۇقلۇق ئىكەن. ساماۋى ئەجدىھا خوتۇنىنى كۆرۈپلا تونۇپتۇ، ئىچى ئاغرىپتۇ، ئەمما پەرىزاتلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، خوتۇنىغا ئۆزىنى بىلدۈرمەپتۇ. مەلىكە بۇ يەردە بىرقانچە ۋاقىتقىچە ئۇلارنىڭ ئاش ـ تامىقىنى ئېتىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇماپتۇ. كەنجى پەرىزات مەلىكىنىڭ ساماۋى ئەجدىھا-نىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ. مەلىكىنىڭ ئا-شۇنداق كۆرمىگۈلىغان جەبىر ـ جاپا تارتىپ، يىراق يولدىن ساماۋى ئەجدىھانى دەپ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىگە كەنجى پە-رىزاتنىڭ رەھمى كېلىپ، ئىچى ئاغرىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، مەلىكىگە سېھىر ـ ئەپسۇندىن تەلىم بېرىشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى چوڭ پەرىزات:

— بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇ-مىدى. ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ ساماۋى ئەجدىھانىڭ خوتۇنى ئوخشىمامدۇ؟ بۇنى سىناپ بېقىش كېرەك، — دەپتۇ ھەمدە بىر يەلقازانغا سۈت توشقۇزۇپ، مەلىكىگە:

— بىز ھازىر بىر يەرگە بارىمىز. بىز قايتىپ كەلگۈچە

مۇشۇ قازاندىكى سۇتنى قايىنىتىپ تۇرسەن، ـــ دەپ تاپىلاپ، كەنجى پەرىزاتنىمۇ بىرگە ئېلىپ، سۇغا چۈشۈپ كېلىشكە مېڭىپتۇ، ئالتۇن قەپەسنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىپتۇ. مەلىكە يەلقازاننى ئوچاققا ئېسىپ، ئوت يېقىشقىلا، قازاندىكى سۇت-نىڭ ھەممىسى تېشىپ كېتىپ، قازاندا ھېچ نەرسە قالماپتۇ. مەلىكە قانداق قىلىشىنى بىلمەي، ئەمدى بالاغا قالىدىغان بولدۇم، دەپ قورقۇپ، غەم ـ ئەندىشىدە ئولتۇرۇشىغا، كەنجى پەرىزات يېتىپ كەپتۇ، مەلىكىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ، رەھمى كەپتۇ:

ـــ يىغلىما، بۇنىڭ ئىلاجىنى مەن قىلىپ بېرەي، ـــ دەپتۇ ۋە دەرھال يەنە بىر يەلقازان تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭغا سۇت تولدۇرۇپتۇ، ـــ سەن باشقا جايغا ئوت قالاپ، چوغ چۇ-شۇرگىن. ئۇلار ئىشىكتىن كىرىشىگىلا چوغنى تېزلا ئوچاققا يۆتكەپ كېلىپ، ئوت قالاۋاتقان بولۇپ تۇرغىن.

پەرىزاتلار قايتىپ كەپتۇ. چوڭ پەرىزات ئاشخانىغا كىرىپ:

ـــ نېمىشقا ئوتنى ياخشى قالىماي ئولتۇرىسەن؟ ـــ دەپتۇ.

ـــ ئوتنى كۆپ قالىدىم، شۇنچىۋالا چوغ چۈشۈپ كەتتى، كۆرمىدىڭىزمۇ، مانا؟ ـــ دەپتۇ مەلىكە.

چوڭ پەرىزات گەپ ـ سۆز قىلماي چىقىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى مەلىكىگە تاپشۇرۇپ-تۇ. ئارىدىن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. شۇ جەرياندا كەنجى پەرىزات ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن سېھىر ـ ئەپسۇنلارنى ئۆگىتىپتۇ.

مەلىكە ئەپسۇن ئوقۇپ بىر يۇمىلاپلا كەپتەرگە، سۇغا، ئوت ـ چۆپكە، دەل ـ دەرەخكە ئۆزگىرىشنى، ھەتتا سېھىرنىڭ باشقا تۇرلىرىنىمۇ ئۆگىنىپ بوپتۇ. بىر كۈنى كەنجى پەرىزات مەلىكىگە:

www.uyghurkitap.com

— سىلەرگە ئىچىم ئاغرىپ، رەھىم قىلىپ، بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ مۇرادىڭلارغا يېتىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن سېھىر ـ ئەپسۇنلارنى ئۆگەتتىم، ھەممىڭگە كامىل بولدۇڭ. ئەمدى يۇرتۇڭلارغا قايتىپ كېتىشىنىڭ ئىلاجىنى قىلاي، — دەپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەرىزاتلارنىڭ ئۇخلايدىغان قەرەلى بوپتۇ. بۇلار ھەر قېتىم ئۇخلىغاندا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. پەرىزاتلار ئۇخلاشقا چۈشۈپتۇ. بۇلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە كىچىك پەرىزات ئاستاغىنا قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كەپتەرنى چىقىرىپ: «تېزدىن كېتىۋېلىڭلار» دەپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بۇلار كەنجى پەرىزاتتىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئۇنتۇمايدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىپتۇ ۋە كىچىك پەرىزاتقا باش قويۇپ، يىغلىشىپ خوشلىشىپتۇ. بۇلار ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. كەنجى پەرىزاتمۇ ئۆز ئورنىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

پەرىزاتلار ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قارىسا، قەپەستە كەپتەرمۇ، ئاشخانىدا خىزمەتكارمۇ يوق تۇرغۇدەك. ئۇلار كىچىك سىڭلىمىز قاچۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپ، كەنجى پەرىزاتنى سوراققا تارتىپ، تىللاپتۇ، ئۇرۇپتۇ، ئەمما كەنجى پەرىزات راستىنى ئېيتماپتۇ. ئۇلار مەلىكە بىلەن ساماۋى ئەجدىھانىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ ۋە ئۇلارغا يېتىشىۋاپتۇ. ساماۋى ئەجدىھا بىلەن مەلىكە پەرىزاتلارنىڭ يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا: «ئەمدى بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساق، بىزنى ھەرگىزمۇ تىرىك قويمايدۇ» دەپ، دەرھال ئېتىزلىققا كىرىپ ئوت ـ چۆپكە ئايلىنىۋاپتۇ. پەرىزاتلار كالا سۈرەتتىگە كىرىپ ئوت ـ چۆپلەرنى چالا قويماي يېگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار قېچىپتۇ، پەرىزاتلار يەنە قوغلاپتۇ. ئۇلار باغنىڭ ئىچىد-

گە كىرىپ گۈللەر ئارىسىدا گۈلگە ئايلىنىۋاپتۇ. پەرىزاتلار گۈللۈككە چۈشۈپ، گۈللەرنى ئۈزۈپ تاشلاشقا باشلاپتۇ. ئۇلار بۇ يەردىمۇ قېچىپتۇ، ئالدىغا ئۆستەڭ ئۇچراپتۇ، ئۆستەڭگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ سۇ بولۇۋاپتۇ. پەرىزاتلار ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ، سۇنى سۈمۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار يەنە قېچىپتۇ. پەرىزاتلار ئارقىسىدىن دەممۇ دەم قوغلاپتۇ. ئۇلار قېچىپ ئورمانلىققا بېرىپ دەرەخكە ئايلىنىۋاپتۇ. پەرىزاتلار دەرەخنى بىر - بىرلەپ كەسكىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار دەرەخنىڭ ئەڭ تۈۋىدىن كۆكلەپ چىققان ئەڭ كىچىك نوتا بولۇۋاپتۇ. پەرىزاتلار ھەممە دەرەخلەرنى كېسىپ بولۇپ قارىسا، بۇلار يوق. دەرھال ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ ھەممە ياقنى ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىزاتلار ئۇلارنى ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئارقىسىغا قايتىپتۇ.


پەرىزاتلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار بىر جۈپ كەپتەرگە ئۆزگىرىپ ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، ئۇچۇپتۇ، نۇرغۇن تاغ - داۋان، دېڭىز - دەريالاردىن ئۆتۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ، ئاتا - ئانىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. ئاتا - بالا، ئەر - خوتۇن قايتىدىن جەم بولۇشۇپ، خۇشال - خۇرام، خاتىرجەم، راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# مەلىكە مارال ھېكايىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە ئۈچ كەمبەغەل بالا بولۇپ، ئۇلار كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئوتۇنچىلىق قىلىش بىلەن قامدايدىكەن، ئەگەر بىرەر كۈن ئوتۇن ساتمىسا ئاچ قالىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئۈچ ئوتۇنچى ئوتۇن ئەكەلگىلى بېرىپ، ئوتۇن كەسكىلى ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپتۇ. ئوتۇنچىلارنىڭ بىرى تازىمۇ يوغان بىر كۆتەككە دۈچ كەپتۇ. ئۇ كۆتەكنى تولىمۇ تەسلىكتە كولاپ ئاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، كۆتەكنىڭ ئاستىدا چوڭقۇر بىر ئۆڭكۈر كۆرۈنۈپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە سەپسېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاستىدا نۇرغۇنلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بىراق، ئۆزى يالغۇز ئېلىشقا چامى يەتمىگەچكە، ھېلىقى ئىككى ئاغىنىسىنى باشلاپ كەپتۇ. ئۇلار دۇنيادەپىنىلەرنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، ئوتۇن باغلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ئارقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئۆڭكۈرگە تاشلاپ باققانىكەن، ئۆڭكۈرنىڭ ئاستىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۆڭكۈرگە كىمنىڭ چۈشۈشى توغرىسىدا دەتالاش قىپتۇ. ئۆڭكۈرگە كېيىن كەلگەن ئىككى ئوتۇنچى قېرىنداش بولغاچقا، ئۆڭكۈرنى تاپقان بالىنى چۈشۈشكە دەۋەت قىپتۇ. ئۆڭكۈرنى تاپقان بالا بولسا، ئىككى قېرىنداشنىڭ بىرىنى چۈشۈشكە دەۋەت قىپتۇ. ھېلىقى ئىككى-



سى: «ئۆڭكۈرگىمۇ چۈشـ-
مەيمىز، ئالتۇنلارنىمۇ ئالـ-
مايمىز» دېگەندىن كېيىـن،
ئۆڭكۈرنى تاپقان ئوتۇنچى
بالا چۈشۈشكە مەجبۇر بوپـ-
تۇ. ئوتۇنچى بـالا ئارقانغا
باغلىنىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئاسـ-
تىغا چۈشسە، راستىنـلا
نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمـۈش
تۇرغۇدەك، ئالتۇنلارنـىڭ
يېنىدا بولسا بىر ساپال
كومزەك بار ئىكەن. ئوـ
تۇنچى ھېلىقى كومزەكنـى
ئارقانغا باغلاپ، ئالتۇن ـ
كۈمۈشلەرنى ئۇنىڭ ئىچىـ-
گە قاچىلاپ ئۈستىگە چىـ-
قىرىپ بېرىپتۇ. تۆت ـ
بەش قېتىم چىقىرىپ
بەرگەنىكەن، ئالتۇنلارمۇ
تۈگەپتۇ. ئاخىردا ئۇ
ئۈستىدىكى ئاغىنىلىرىگە:
«ئەمدى كومزەكنى چۈـ-
شۈرمەڭلار، مەن چىقىپ
كېتىمەن» دەپ ۋارقىراپـ-
تۇ. ھېلىقى ئىككىسىنىڭ
نىيىتى بۇزۇلۇپ: «ئۇنى
تارتىپ چىقىرىۋالساق

دۇنياغا شىرىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆڭكۈر ئاستىدا قىلىۋەرمەمدۇ» دېيىشىپتۇ ــ دە، ھېلىقى بالىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئاستىدا قالدۇرۇپ يوللىرىغا راۋان بوپتۇ.

ئۆڭكۈر ئاستىدا قالغان ئوتۇنچى بالا يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، لېكىن ئامال بولماپتۇ. بىركەمدە ئۇ ھوشىنى يىغىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆڭكۈر ئىچىدە قاياقىقىدۇر سوزۇلغان بىر يول تۇرغۇدەك. ئۇ: «تەۋەككۇل، خۇدا» دەپ، ھېلىقى يول بىلەن بىردەم ماڭغانىكەن، يورۇقلۇقمۇ تۈگەپ، قاراڭغۇلۇقتا قاپتۇ. ئۇ قاراڭغۇدا تەمتىلەپ ــ سىيپاپ مېڭىۋەرگەنىكەن، ئاخىر بېرىپ بىر تامغا تاقىشىپتۇ. تامنى سىيپاپ ماڭغانىكەن، بىر يوچۇق پەيدا بوپتۇ. سەپسېلىپ قارىسا، بۇ بىر ئىشىك ئىكەن، ئىشىكنىڭ ئىچى تەرىپى يوپيورۇق ئىكەن. ئوتۇنچى بالا نېمە بولسا بولسۇن بىر كىرىپ باقاي، بۇنىڭ ئىچىدە نېمە كارامەتلەر بار كۆرۈپ باقمايمۇ: «يا خۇدانىڭ ئەمرى، پىرنىڭ ئەمرى» دەپ، ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىچىپ كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئالدىدا ناھايىتى گۈزەل بىر باغ تۇرغۇدەك. باغدا تۈرلۈك ــ تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان، مېۋىلەر پىشىپ تۇرغان. بۇنى كۆرۈپ ئوتۇنچى بالا ئۆلگەن ئادەمنى جەننەتكە كىرىدۇ دەۋاتاتتى، مەن راستىنلا جەننەتكە كىرىپ قالغان ئوخشىمامدىمەن، دەپ ھەيران بوپتۇ. شۇ ھەيرانلىق ئىچىدە قارىسا، باغنىڭ ئىچكىرى تەرىپىدە بىرچىمەنلىك مەيدان تۇرغۇدەك. ئوتۇنچى مەيدانغا بېرىپ باقماقچى بولۇپ، ئالدىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن بىرنەچچە قەدەم ماڭغانىكەن، شۇ ھامان نۇرغۇن يىلانلار پەيدا بولۇپ ئوتۇنچىنى قورشىۋاپتۇ. ئوتۇنچى ئۆزىنى ئورنىۋالغان بۇ يىلانلاردىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ئالدى تەرىپىگە قارىغانىكەن، چىمەنلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر شىپاڭ پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈزۈن-

www.uyghurkitap.com

لۇقى ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان ناھايىتى يوغان بىر يىلان تىككىدە تۇرغۇدەك. ئوتۇنچى بۇنى كۆرۈپ، يائاللا، يىلانلارنىڭ پادىشاھىغا ئەمدى ئۇچراپتىمەن ـ دە، بۇ يىلان مېنى پۈتۈن يۇتۇۋېتىدىغان بولدى، دەپ ئەتراپىغا قارىسا، ئۆزىنى ئوتتۇرى-غا ئېلىۋالغان ھېلىقى يىلانلارنىڭ بىرىمۇ يوق. بۇنى كۆرۈپ ئوتۇنچى تېخىمۇ ھەيران بوپتۇ، شىپاڭغا قارىسا، شىپاڭنىڭ ئۈستىدە يىلان ئەمەس، بىر قىز ئولتۇرغۇدەك. ئوتۇنچى خاتا كۆرۈپ قالمىغاندىمەن؟ دەپ ئويلاپ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، چاپاق-لىرىنى سۈرتۈۋېتىپ قارىسا، راستتىنلا ئاجايىپ بىر گۈزەل قىز ئولتۇرغۇدەك. ئوتۇنچى بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دەپ، بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ شىپاڭ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ يېقىن



www.uyghurkitap.com

بارغاندا، ھېلىقى قىز:

— ئەي يىگىت، بۇياققا چىقىڭ! — دەپتۇ ئوتۇنچىغا.

— ئۇ يەرگە قانداق چىقىمەن؟ — دېگەنىكەن، قىز:

— شىپاڭنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتسىڭىز، شوتا بار، شو-نىڭ بىلەن چىقىڭ، — دەپتۇ. ئوتۇنچى شوتا بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ. ئەسلىدە بۇ قىزنىڭ ئىسمى مەلىكە مارال بولۇپ، تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى شۇ كەمگىچە ھېچقانداق ئىنسانغا كۆرۈنمىگەنىكەن. ئوتۇنچى شىپاڭنىڭ ئۇستىگە چىق-قاندىن كېيىن، قىز:

— ئەي يىگىت، سىز نېمە ئادەم؟ قانداق بولۇپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوتۇنچى بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قىزغا تولۇق بايان قىپتۇ. يىگىتنىڭ كە-چۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغان مەلىكە مارال:

— ئۇنداق بولسا، ئەمدى سىز مۇشۇ يەردە قېپقېلىڭ، — دەپتۇ. ئوتۇنچى:

— مەن بۇ يەردە قېپقالسام بولمايدۇ. مېنىڭ قېرى ئانام بار، مەن كۈندە ئوتۇن سېتىپ ئانامنى بېقىپ كېلىۋاتقانىدىم. ھازىر ئانام ئاچتىن ئۆلۈپ كەتتىمۇ ياكى ھاياتمۇ بىلمەيمەن، شۇڭا سىز مېنى بۇ يەردىن تېزرەك چىقىرىۋەتسىڭىز، — دې-گەنىكەن، مەلىكە مارال:

— ئەڭ ياخشىسى، بۇ يەردىن كەتمەڭ، ئانىڭىزنىمۇ مۇ-شۇ يەرگە ئەكېلىۋالىمىز. ئەگەر بۇ يەردىن كەتسىڭىز ئاقىۋى-تى ياخشى بولمايدۇ، — دەپتۇ. يىگىت يەنىلا: «كېتىمەن» دې-گەندىن كېيىن، مەلىكە مارال:

— سىز «جاھانشاھ بىلەن بىلقىيانىڭ ئۇچرىشىشى» دې-گەن ھېكايىنى ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئوتۇنچى: «ياق!» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، مەلىكە مارال:

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە شۇ ھېكايىنى ئېيتىپ بېرەي، ئاڭلاپ تۇرۇڭ. ھېكايە تۈگىگەندىن كېيىن بىر قارارغا كېلەرسىز، — دەپ ھېكايىنى باشلاپتۇ:

بۇرۇنقى زاماندا بىر شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى جاھانشاھ ئىكەن. پادىشاھ بۇ ئوغلىنى ناھايىتى ئەدەپلىك قىلىپ تەربىيىلەپ چوڭ قىپتۇ. جاھانشاھ ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلارغا كىرگەندە، بىر كۈنى چۈشىدە بىر قىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ، ئاش ـ تاماقتىنمۇ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ بىلەن خانىش مەسلىھەتلىشىپ، جاھانشاھنى ئۆيلەپ قويماقچى بوپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مەسلىھىتىنى جاھانشاھنىڭ ئىككى ئاغىنىسى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېيتىپتۇ. جاھانشاھ ئىككى ئاغىنىسىگە:

— سىلەر ئاتا ـ ئانامغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، مەن ھازىر ئۆيلەنمەيمەن. ئاتا ـ ئانام مەن توغرۇلۇق غەم يېمىسۇن. مېنىڭ بىرلا ئارمىنىم بار، ئۇ بولسىمۇ جاھان كۆرۈش. مەن مۇشۇ ئارمىنىمغا يەتسەم، ئاندىن كېيىن ئۆيلىنىمەن، — دەپتۇ. جاھانشاھنىڭ ئاغىنىلىرى بۇ گەپنى پادىشاھقا يەتكۈزگەنىكەن، پادىشاھ:

— ئالدى بىلەن ئۆيلىنىپ، ئاندىن كېيىن جاھان كېزىپ كەلسىمۇ بولىدىغۇ، — دەپتۇ. جاھانشاھ بولسا، دادىسىنىڭ دېگىنىگە زادىلا كۆنمەپتۇ. پادىشاھ يالغۇز ئوغلىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداپ بېرىش ئۈچۈن، خەزىنىدىن نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى بېرىپ، ھېلىقى ئىككى ئاغىنىسىنى قوشۇپ، ئوغلىنى جاھان كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن يولغا ئاتلاندۇرۇپتۇ.

جاھانشاھ ئۆز شەھىرىدىن ئايرىلىپ، يول ئۈستىدىكى

ھەممە شەھەرلەرنى ئارىلاپ ئالتە ئاي چامىسىدا يول يۈرۈپتۇ. بارغانلا شەھىرىدە باشقا ئىش قىلماي چۈشىدە كۆرگەن ھېلىقى قىزنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن قىزنى تاپالماپتۇ. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېلىپ ماڭغان مال ـ دۇنيالىرىمۇ تۈگەشكە باشلاپتۇ. بىر كۈنى جاھانشاھ ئىككى ئاغىنىسىگە:

— ئۈچىمىزنىڭ مۇشۇ مېڭىشىمىزدا يەنە ئاز كۈندىن كېيىن يول راسخوتىمىز پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ، شۇڭا سىلەر ھازىر قالغان دۇنيانىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ يول راسخوتى قىلىپ يۇرتقا قايتىڭلار، مەن بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئىككى ئاغىنىسىنى ئۆز شەھىرىگە يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار ئۆز شەھىرىگە كېتىۋەرسۇن، بىز گەپنى جاھانشاھتىن ئاڭلايلى:

ئاغىنىلىرى كەتكەندىن كېيىن جاھانشاھ يەنىلا ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ، نۇرغۇن چۆل ـ جەزىرىلەرنى، نۇرغۇن ئاۋات شەھەرلەرنى ئارىلاپ، چۈشىدە ئاشىق بولغان قىزنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، ئۇ قىزدىن ھېچقانداق دېرەك ئالالماپتۇ. ئاقىۋەت ئۇ يەنە بىر شەھەرگە كەلگەندە، يېنىدا خىراجەت قىلغۇدەك ھېچ نەرسە قالماپتۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ شەھەردە مېنىڭ شاھزادە ئىكەنلىكىمنى بىلىدىغان ھېچكىم يوق، شۇڭا مەن مەدىكارلىق قىلىپ بولسىمۇ پۇل تېپىپ يولۇمنى داۋام قىلىپ، مۇراد ـ مەقسىتىمگە يېتىشىم كېرەك» دەپتۇ ـ دە، شۇ كۈنىلا مەدىكارلار بازىرىغا بېرىپتۇ. جاھانشاھ مەدىكارلار بازىرىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، بىر باي كېلىپ:

— كىم ماڭا ئىشلەپ بېرىشنى خالىسا كۈنىگە بىر تىللا

بېرىمەن، — دەپتۇ. ئادەتتە بىر تىللا ئۇچۇن بىر مەدىكار بىر ئاي ئىشلەپ بېرەتتىكەن. ئۇ كىشىنىڭ بۇنداق كۆپ ھەق بېرىمەن دېگىنىنى ئاڭلىغان مەدىكارلار ئۇنىڭ ئۆزلىرى قىدىلىپ كېتەلمەيدىغان ئېغىر ئىشقا سېلىنىشىدىن قورقۇپ، مەن ئىشلەپ بېرەي، دېمەپتۇ. جاھانشاھ بۇ ئادەم قانداق ئىشقا سالىدىغاندۇ؟ ھەرھالدا ئۆلۈمگىغۇ بۇيرۇماس. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانچە ئېغىر ئىش بولسىمۇ، ئىشلەپ بىر تىللاسىنى ئالسام بىرەر ئايلىق يول خىراجىتىنى راسلىۋالىدىكەنمەنغۇ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە: «مەن ئىشلەيمەن» دەپتۇ. ھېلىقى باي جاھانشاھنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ:

— بالام، مانا بۇ مېنىڭ ئۆيۈم. بىز ئىشنى ئاخىر پېشىن مەزگىلىدە باشلايمىز. سەن ھازىر تاماق يەپ، ئۇخلاپ ئارام ئېلىپ تۇرغىن، — دەپ ياخشى تائاملارنى تەييارلاپ بېرىپتۇ. جاھانشاھ، بۇ قانداق گەپ بولدى؟ ئىشنى ئاخىر پېشىندا باشلايمىز دەيدۇ. بۇ قانداق ئىشتۇ؟ دېگەن ئەندىشە بىلەن تاماقمۇ يېمەي ھەم ئۇخلىماي ئۆرە ئولتۇرۇپتۇ. كۈتكەن ۋاقىتمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئاخىر پېشىن مەزگىلىدە باي ئۆيگە كىرىپ:

— بالام، ئارام ئېلىۋالدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، جاھانشاھ: «ھەئە» دېگەندىن كېيىن، باي ئۇنى ھويلىغا باشلاپ چىقىپ:

— ماۋۇ ئېغىلدا يوغان بىر قېچىر بار، شۇ قېچىرنى يېتىلەپ چىققىن، — دەپتۇ. جاھانشاھ ئېغىلغا كىرسە، دەرۋەقە يوغان بىر قېچىر تۇرغۇدەك. جاھانشاھ ئۇنى يېتىلەپ چىققاندىن كېيىن، باي: «كەينىمدىن ماڭ» دەپتۇ. ئۇلار شۇ ماڭغانچە شەھەر سىرتىدىكى تازىمۇ ئېگىز بىر تاغنىڭ تۈۋىگە بېرىپتۇ. باي جاھانشاھقا قېچىرنى تۇلۇمچىلاپ سويۇشنى بۇيرۇپتۇ. جاھانشاھ قېچىرنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپتۇ. باي

جاھانشاھقا:

— بالام، ئەمدى سەن بۇ تۇلۇمنىڭ ئىچىگە كىرسەڭ، مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى باغلاپ قويىمەن. ئاۋۇ ئۇچۇپ يۈرگەن يوغان قۇشلارنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاشۇ قۇشلار بۇنى يېيىش ئۈچۈن تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ ماۋۇ ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىدۇ. ئۇلار تېرىنى چوقۇلاپ تەشكەندە، سەن ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقساڭ، قۇشلار ئۈركۈپ يىراق قاچىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ئالىيىشىل تاشلار بار، سەن شۇ تاشلارنى خالتىغا قاچىلاپ، بۇ ئارقان بىلەن ماڭا چۈشۈرۈپ بېرىسەن. بۇ تاغقا چىقىش تولىمۇ مۈشكۈل ھەم خەتەرلىك، چۈنكى يول بولمىغاچقا چىققىلى بولمايدۇ. تاغ ئۈستىگە چىققان ئادەمنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشى ئوڭايراق بولىدۇ، سەن قورقماي مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلغىن، — دەپتۇ — دە، جاھانشاھنى تۇلۇمغا سېلىپ ئاغزىنى بوغۇپ قويۇپ ئۆزى يىراققا بېرىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. دېگەندەك، ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندە، نۇرغۇنلىغان تازقارىلار ئۇچۇپ كې-



لىپ تۇلۇمنى قاماللاپ كۆتۈرۈپ ئۇچۇپ، تاغنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ چوقۇلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ، تېرە تېشىلىپ ئىچىدىن جاھانشاھ ئۆمىلەپ چىققاندا، تازقارىلار ئۈركۈپ ئۇ- چۇپ كېتىپتۇ. جاھانشاھ باينىڭ دېگىنى بويىچە تاغنىڭ ئۈستىدىكى تاشلارنى تۆۋەنگە تاشلاشقا باشلاپتۇ. جاھانشاھ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ تاغ ئۈستىدىكى تاشلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بولغاندا، كۈنمۇ كەچ كىرىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا جاھانشاھ تاغ تۆۋىگە قاراپ:

— تاشلار تۈگىدى. مەن قاياقتىن چۈشىمەن؟ — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، باي:

— ئۆزۈڭ خالىغان تەرەپتىن چۈشكىن، — دەپ قويۇپ تاشلارنى ئېلىپ ئۆيىگە قاراپ كېتىپتۇ.

جاھانشاھ كۈنىگە بىر تىللا بەرگەننىڭ مەنىسىگە ئەمدى يېتىپتۇ - دە، بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كېتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئۆزى تۇرغان بۇ تاغ كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا قاراپ سوزۇلغان باش - ئاخىرى يوق غايەت زور تاغ ئىكەن. تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى بىلەن تەسكەي تەرىپى تىك قىيا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جانلىق- نىڭ مېڭىپ چىقىپ - چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، پەقەت تاغ ئۈستىدە كۈنچىقىشقا ياكى كۈنپېتىشقا قاراپ مېڭىشقىلا بو- لىدىكەن. جاھانشاھ: «خۇدا» دەپتۇ - دە، كۈنچىقىشقا قاراپ مې- ڭىشقا باشلاپتۇ، قورسىقى ئاچسا تاغ مېۋىلىرىنى تېرىپ يەپتۇ، مېۋە تاپالمىسا ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپتۇ. مانا شۇنداق قىلىپ تۆت - بەش ئاي ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مې- ڭىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆمىلەپ مېڭىپتۇ، كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل بولۇپ يالىڭاچ ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ، پۇت - قوللىرى قاناپ، ئوت -

چۆپ يىلتىزىنى كولاشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەيدىغان بولۇپ، قال-
غاندىن كېيىن، ھايۋانغا ئوخشاش ئوت - چۆپلەرنى چىشلەپ
ئۈزۈپ يەپتۇ. ئاشۇ ھالەتتە يەنە بەش - ئالتە ئاي يول يۈ-
رۈپ، چەكسىز كەتكەن بىر تۈزلەڭلىككە بېرىپ قاپتۇ. بۇ
تۈزلەڭلىكتە شىۋاقتىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن. جاھانشاھ يە-
نىلا ئۈمىدسىزلەنمەي، ئۆمىلىگەن ھالەتتە يولىنى داۋام قىپ-
تۇ. ئۇ بۇرۇن بىر كۈن ماڭغان يولنى مانا ئەمدى بىرەر ئايدا
ئاران مېڭىپ بولالايدىغان ھالغا كېلىپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ
ئۇ مۇشۇ چۆللۈكتە ئىككى - ئۈچ ئاي يول مېڭىپ، ئاقى-
ۋەت كونا بىر كارۋان يولىغا چىقىپ قاپتۇ. سەپسېلىپ قارى-
غانىكەن، يولدا يېڭى ماڭغان ھايۋان ياكى ئادەمنىڭ ئىزى
كۆرۈنمەپتۇ. شۇنداقتىمۇ جاھانشاھ يول بىلەن كۈنچىقىشقا
قاراپ مېڭىشنى داۋام قىپتۇ. بىرنەچچە كۈن يول ماڭغاندىن
كېيىن، يىراق بىر يەردە تۇرغان دۆڭنى ھەم دۆڭ ئۈستىدىكى
ئەسكى تامغا ئوخشاپراق كېتىدىغان نەرسىنى كۆرۈپ، بىر ئاز
ئۈمىدلىنىپ غەيرەتكە كېلىپ شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ،
تۆت - بەش كۈن دېگەندە ھېلىقى يەرگە ئاران يېتىپ بېرىپ-
تۇ. ئۇ دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىسا، ئەسكى تاملىق-
نىڭ بىر يېرىدىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. كۆڭلىدە
بۇ چۆللۈكتە قانداقلارچە تۈتۈن چىقىدۇ؟ بۇ يەردە يا ئادەم -
ئىنسان بولمىسا، يا بۇ جىن - شەيتانلارنىڭ ماكانىمىدۇ؟ دې-
گەن خىياللارغا كېلىپ ئەسكى تاملارنى ئارىلاپ قارىسا، بىر
يەردە جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر ئىشىك تۇرغۇدەك. جاھان-
شاھ ئىشىكنى ئېچىپ:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دەپ سالام قىلىپ كىرىپ قارى-
سا، ئەسكى تامنىڭ ئىچىدە بىر بوۋاي ئولتۇرغان. بوۋاي:
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ

جاۋابنى ئاڭلاپ جاھانشاھنىڭ پۇت ـ قولىغا جان كىرىپ:
— بوۋا، سىلى ئادەم ـ ئىنسانمۇ ياكى ئىنسۇ جىنمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، بوۋاي:
— ئەلھەمدۇلىللا شۇكۇر، مەن ئىنسان، — دەپ جاۋاب بېرىپ جاھانشاھقا سەپسالسا، ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنىڭ ساق يېرى قالماي يېغىر بولۇپ قان ئېقىپ تۇرغان، ئۇچىسىدا كىيىملەرمۇ يوق. بۇنى كۆرۈپ بوۋاي جاھانشاھقا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كونا كىيىملىرىدىن بېرىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا تاماق بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن:
— بالام، سەن قاياقتىن كېلىپ قاياققا كېتىپ بارىسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن، جاھانشاھ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئاندىن بوۋايدىن:
— بوۋا، ئادەمزاتسىز بۇ چۆللۈكتە ئۆزلىرى قانداقلارچە تۇرۇپ قالدىلا؟ — دەپ سورىغانىكەن، بوۋاي:
— مەن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بايلىقلارنى ساقلاپ يېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. جاھانشاھ:
— بوۋا، مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، بوۋاي:
— سەن پۇت ـ قوللىرىڭ ساقىيىپ، تېنىڭگە ماغدۇر كىرگۈچە مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ تۇرغىن. بايا سەن كەلگەن يول — كارۋان يولى. بۇ يولدىن يىلدا بىر قېتىم كارۋان ئۆتىدۇ. بۇ يول بىلەن قايسىلا تەرەپكە قاراپ ماڭساڭ، بىر يىلدا ئادەمزات بار يەرگە بارالايسەن. سەن ساقايغاندا بۇ يەردىن ئۆتكەن كارۋانلارغا قوشۇپ قويسام، ئۆز شەھىرىڭگە يېتىپ بارالايسەن، — دەپتۇ. جاھانشاھ ماقۇل بولۇپ بوۋاينىڭ يېنىدا قاپتۇ.
ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندە جاھانشاھنىڭ تېنىگە

ماغدۇر كىرىپ، پۇت ـ قوللىرىمۇ ساقىيىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بوۋاي:

— بالام، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ئۇنى كۆڭلۈك سەپەرگە چىقىمەن، — دەپتۇ.

— بۇ ئادەمزاتسىز چۆللۈكتە نېمە ۋەجىدىن سەپەر قىلـ دىلىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ جاھانشاھ. بوۋاي:

— ئۆزۈم قۇربى ئۇچار قۇشلار، هايۋانلار ھەم دىۋە ـ پەرىـ لەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ كېلىمەن. مەن كەلگۈچە سەن زېرىكىپ قالساڭ، مانا ماۋۇ ئىشىكتىن كىرسەڭ چوڭ زالغا كىرىسەن. زالنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئىشىك بار، شۇ ئىشىكتىن كىرسەڭ قىرىق بىر ئېغىز ئۆي بار. قىرىق ئېغىز ئۆيدە سۇلايمان ئەلەيـ ھىسسالامنىڭ بايلىقلىرى بار، شۇلارنى كۆرۈپ تاماشا قىلىپ تۇرغىن. قىرىق بىرىنچى ئۆيگە كىرمىگىن، — دەپ تاپىلاپ ئاچـ قۇچنى جاھانشاھقا بېرىپ، ئۆزى يولغا راۋان بوپتۇ.

جاھانشاھ شۇ كۈنلا ئۆيلەرنى ئېچىپ بىر باشتىن كۆـ رۈشكە باشلاپتۇ. ھەربىر ئۆيدىكى ئالامەتلەرنى كۆرگەندە، ئۇ ھەيرانلىقتا قاپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدىكى ئېسىل جاۋاھىرات، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردە ئىشـ لەنگەن جابدۇقلارنى كۆرۈپ ، مەن دادامنى دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەم دەپ يۈرسەم، دادامنىڭ ھەممە بايلىقى بوۋاينىڭ بىر ئۆيدىكى بايلىقىغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇ كۈنى جاھانشاھ ئون بەش ئۆيدىكى دۇنيانى كۆرۈپتۇ. كەچ بوپتۇ. جاھانشاھ ئەتىسى يەنە ئون بەش ئۆينى كۆرۈپتۇ. بۇ ئۆيدىكى دۇنيادەپىنە، جابدۇقلار تېخىمۇ قىممەتـ لىك ئىكەن. ئۈچىنچى كۈنى پېشىن ۋاقتىغىچە قالغان ئون ئۆينى كۆرۈپ تۈگىتىپ، قىرىق بىرىنچى ئۆيدە نېمە باركىن، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي دەپ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ قارىغۇدەك



بولسا، بۇنىڭ ئىچى غايەت چوڭ بىر باغ ئىكەن. يەر ئۇستىدە بولسا، بۇ ئەتراپ بىر دۆڭلۈك ئىكەندۇق. جاھانشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ باغ ئىچىنى ئارىلاپ قارىسا، باغدا تۈرلۈك ـ تۈر- لۈك قۇشلار سايرىشىۋاتقان، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بارمىش، كۆلگە قارىسا، كۆل ئىچىدە ئۈچ قىز سۇغا چۆمۈ- لۈۋاتقۇدەك. جاھانشاھ قارىغۇدەك بولسا، بۇ قىزلارنىڭ بىرى ئۇ چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغان قىز ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ جاھانشاھ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ. قىزلار بۇ- نىڭدىن بىخەۋەر ئۆزلىرى قانغۇچە سۇغا چۆمۈلۈپ، ئاندىن كې- يىن كېتىپ قاپتۇ. ئەسلىدە بۇ قىزلار پەرىزاتلار بولۇپ، ھەر يىلى بىر نۆۋەت مۇشۇ باغقا كېلىپ سۇغا چۆمۈلۈپ كېتىدىكەن.

شۇ كۈنى كەچتە بوۋاي سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپ قارىسا، جاھانشاھ يوق تۇرغۇدەك. بوۋاي ئۇنى ئىزدەپ ئۆيلەرنى ئارىلاپ قارىسا، ئۆزى: «كىرمە» دېگەن قى- رىق بىرىنچى ئىشىكمۇ ئېچىقلىق تۇرغۇدەك. بوۋاي ئىشىك- تىن كىرىپ ئىزدەپ بېرىپ، گۈللۈكتە ھوشسىز ياتقان جاھان-

www.uyghurkitap.com

شاھنى تېپىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ سېپىپ ھوزۇرىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— مەن بۇ ئۆيگە كىرمە دېگەن تۇرسام، سەن نېمىشقا كىردىڭ؟ — دەپ جاھانشاھقا كايىپتۇ. جاھانشاھ: «ئەپۇ قىلسىلا» دېگەندىن باشقا گەپ قىلماي يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ.

بوۋاي جاھانشاھنى باشلاپ باغدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغانىكەن، جاھانشاھ باغدىن چىققىلى ئۇنىماپتۇ. بوۋاي سەۋەبىنى سورىغانىكەن، جاھانشاھ:

— بوۋا، مەن چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار بولغان قىزنىڭ بۈگۈن مۇشۇ كۆلدە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقىنىنى كۆردۈم. مەن شۇ قىزنى ئالماي كەتمەيمەن، — دەپتۇ.

— بالام، — دەپتۇ بوۋاي جاھانشاھقا ئىچ ئاغرىتىپ، — ئۇ قىزلار دېگەن پەرىلەرنىڭ قىزلىرى. سېنىڭ بۇ باغقا كىرگەنلىكىڭنى كۆرگەن بولسا، ئۇ قىزلار قايتا كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ، بۇنى بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ قىزلارنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ قىزلار ھەر يىلى بىر قېتىملا بۇ يەرگە كېلىپ سۇغا چۆمۈلىدۇ. ئەگەر سېنى كۆرۈپ قالغان بولسا ئەمدى كەلمەيدۇ، — دەپتۇ. ئەمما، جاھانشاھ يەنىلا كەتكىلى ئۇنىماپتۇ. بوۋاي كايىپتۇ، تىرىكىپتۇ، جاھانشاھقا ھېچ نەرسە كار قىلماپتۇ. ئاقىۋەت بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ باغدا يېتىۋەرگىن. ئەگەر قىزلار بۇ قېتىم سېنى كۆرمىگەن بولسا، كېلەر يىلى مۇشۇ كۈنلەردە كېلىدۇ. ئۇلار كەلگەندە كۆك كەپتەر سۈرىتىدە بولۇپ ھاۋادا ئويناپ، موللاق ئېتىپ، پەرۋاز قىلىپ كېلىدۇ. ئۇلار كۆل بويىغا چۈشۈپ كەپتەرلىك كىيىمىنى سېلىۋېتىپ سۇغا چۆمۈلىدۇ. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن قىز پەرىلەرنىڭ ئەڭ

كىچىك سىڭلىسىنىڭ كەپتەر كىيىمىنى قەيەرگە سېلىپ
قويغىنىغا ئوبدان سەپسېلىۋېلىپ، ئۇلار سۇغا چۈشۈپ بىر ـ
بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتقاندا، بېرىپلا ئاشۇ قىزنىڭ
كىيىمىنى ئېلىۋېلىپ مەيدەڭگە بېسىپ دوم يېتىۋال. ئۇلار
ئۇچۇپ كېتەلمىگەندىكىن كېلىپ سېنى ئىزدەپ تېپىپ گەپ
قىلسىمۇ، سەن باش كۆتۈرمەي يېتىۋەرگىن، — دەپ بوۋاي
باغدىن چىقىپ كېتىپتۇ. جاھانشاھ گۈل ئىچىدە ئاسمانغا
قاراپ يېتىپتۇ، بوۋاي بولسا ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تاماق توشۇپ
بېرىدىكەن. جاھانشاھ بوۋاي ئەكەلگەن تاماقنى يەپ گۈللۈكتە
كۈن، ئايلارنى ساناپ ئۇڭدا يېتىۋېرىپتۇ.

ئارىدىن توپتوغرا بىر يىل ئۆتكەندە، بىر كۈنى جاھان-
شاھنى تىترەك بېسىپ، يۈرىكى سېلىپ قورقۇنچ ئىچىدە قال-
غاندەك بولۇپ قاپتۇ. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئاسمانغا
قاراپ ياتسا، ئۈچ كۆك كەپتەر موللاق ئېتىپ ئۇچۇپ كې-
لىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ جاھانشاھنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا كەپ-
لىشىپ قالغاندەك بوپتۇ، قارىسا، ئۈچ كەپتەر يەرگە چۈشۈپ
قىزلارغا ئايلىنىپتۇ ـ دە، كەپتەر كىيىملىرىنى ئۈچى ئۈچ
يەرگە سېلىپ قويۇپتۇ. جاھانشاھ سەپسېلىپ تۇرۇپ كىچىك
قىزنىڭ كىيىمىنى كۆرۈۋاپتۇ. ئۇلار سۇغا چۈشۈپ خۇشال ـ
خۇرام سۇ ئۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىپ ئويناۋاتقاندا،
ئۆمىلەپ بېرىپ كىچىك قىزنىڭ كىيىمىنى ئېلىپ گۈللۈك ئى-
چىگە ئەكىرىپ مەيدىسىگە بېسىپ يېتىۋاپتۇ. قىزلار بۇنىڭدىن
بىخەۋەر ھالدا خۇشال ئويناپ، ئۆيلىرىگە قايتماقچى بولۇپ قىر-
غاققا چىقىپ قارىسا، كىچىك قىزنىڭ كىيىمى يوق تۇرغۇدەك.
بۇنىڭغا ھەيران بولغان قىزلار ئۇياق ـ بۇياقنى ئىزدەپ قا-
رىسا، گۈللۈكتە بىر ئادەمزات كەپتەر كىيىمىنى بېسىپ يات-
قان. قىزلار بىرلىشىپ كىيىمنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالماقچى

www.uyghurkitap.com

بوپتۇ. جاھانشاھ كېيىمنى بېسىپ يېتىۋېرىپتۇ. قىزلار ئۇنى ئۇرۇپمۇ بېقىپتۇ، يالۋۇرۇپمۇ بېقىپتۇ، ئۇ ھېچ نەرسە دېمەي يېتىۋېرىپتۇ. ئاقىۋەت قىزلار:

— سېنىڭ زادى نېمە مەقسىتىڭ بار؟ — دەپ سورىغانىكەن، شۇ چاغدا جاھانشاھ بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— مۇشۇ باغقا قارايدىغان بوۋاينى باشلاپ كېلىڭلار، — دەپتۇ. قىزلار بوۋاينى باشلاپ كەلگەندىن كېيىن، بوۋاي جاھانشاھتىن قىزنىڭ كېيىمىنى قولىغا ئېلىپ: «تۇر ئورنۇڭدىن» دېگەنىكەن، جاھانشاھ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا بوۋاي:

— بۇ بالا بۇ يەرلىك ئەمەس. بۇ باشقا بىر شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى جاھانشاھ بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن بۇ بالا چۈشىدە سىلەرنىڭ سىڭلىڭلارنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، مۇرادىغا يېتىش ئۈچۈن ئىنسان بالىسى تارتمىغان، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان جاپالارنى تارتىپ بۈلتۈر بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، سىلەرنىڭ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قاپتۇ. مەن ئەھۋالنى بايان قىلىپ بەرگەچكە، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بىر يىلدىن بۇيان بۇ كۆل بويىدا سىلەرنى ساقلاپ يېتىپ كېيىمنى قولىغا چۈشۈردى. ئەمدى سىلەر سىڭلىڭلارنى مۇشۇ بالىغا بېرىڭلار، — دەپتۇ. قىزنىڭ ئاچىلىرى:

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بىزنىڭمۇ ئاتا - ئانىمىز بار. بىز ئۇلاردىن بىسوراق سىڭلىمىزنى قويۇپ كەتسەك، ئاتا - ئانىمىزغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىمىز؟! ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ يىگىت بىزنىڭ شەھىرىمىزگە بارسۇن. بىز شۇ يەردە قائىدە - يوسۇن بويىچە توي قىلىپ سىڭلىمىزنى بېرەيلى، — دەپتۇ. ئۇلارنىڭ دېگىنىگە بوۋايمۇ، جاھانشاھمۇ ئۇنىماپتۇ. بوۋاي:

— بۇ بالا نۇرغۇن جاپالار بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەل- گەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلار. ئەمدى سىلەرنىڭ شەھىرىڭلارنى نەدىن تاپىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە قىزنى قويۇپ كېتىڭلار، بولمىسا كىد- يىمنى بەرمەيمىز، — دەپتۇ.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ يۇرۇپ كۆپ كەچ بولۇپ قاپتۇ. قىزلار قايتمىسا بولمىغاچقا، سىڭلىسىنى جاھانشاھقا قويۇپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

قىزنىڭ ئاچىلىرى شۇ ئۇچقانچە ئۆز شەھىرىگە يېقىن بار- غاندا، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئىككى قىزنىڭ قايتىپ كېلىۋات- قانلىقىنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەتىۋارلىق كىچىك قىزى يوق ئىكەن. ئۇلار ئەندىشە ئىچىدە تۇرغاندا قىزلار يېتىپ كەلگەنىكەن، قىزلارنىڭ دادىسى كىچىك قىزنىڭ نەدە قالغانلىقىنى سوراپتۇ. قىزلار ئاتا - ئانىسىغا يىغلاپ تۇرۇپ جاھانشاھنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى، بىر يىلدىن بۇيان سىڭلىسىنى ساقلاپ باغدا ياتقانلىقى ۋە بوۋاينىڭ ئوت- تۇرىغا چۈشۈشى بىلەن سىڭلىسىنى ئامالسىز قويۇپ كەلگەن- لىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزلارنىڭ دادىسى پەرىلەرنىڭ پا- دىشاھى ئىكەن. ئۇ كۆكسى - قارنىنى كەڭ تۇتۇپ، ھەقكە بويسۇنۇپ: «قىزىم ئامان بولسىلا ھامانەم بىزنى يوقلاپ كېلى- دۇ، ئاقىۋىتى ئاۋات بولسۇن» دەپ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

جاھانشاھ ئۆز ئاشىقىنى تېپىپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ. بوۋاي شۇ كۈنىلا ئۇلارنى نىكاھ قىلىپ بېشىنى قوشۇپ قو- يۇپتۇ. جاھانشاھ بوۋاينىڭ ياردىمى بىلەن مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنلىكىگە سۆيۈنۈپ، بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ھەمدە بوۋاينىڭ يېنىدا يەنە بىر ھەپتە چامىسىدا تۇرۇپتۇ، ئاندىن ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى بولۇپ، بوۋاينىڭ دۇئا بېرىشىنى سوراپتۇ. بوۋاي:

— ئەمدى يۇرتۇڭغا قايتىشتىن ئەندىشە قىلمىساڭمۇ بو-
لىدۇ. يەنە بىر مەزگىل بۇ يەردە تۇرۇپ دىدار تويۇشقاندىن
كېيىن يولغا چىقساڭمۇ، بۇرۇنقى بىرنەچچە يىلدا بېسىپ
كەلگەن يولۇڭنى ئايالىڭنىڭ ياردىمى بىلەن بىرنەچچە كۈندە
تۈگىتىپ، ئاتا - ئاناڭ بىلەن كۆرۈشسەن، — دەپتۇ. جا-
هانشاھ يەنە بىرەر ئايدەك تۇرغاندىن كېيىن، كەتمەكچى بولۇپ
بوۋايغا مەسلىھەت سېپتۇ. بوۋاي:

— بالام، ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ. ئايالىڭ كۆك كەپتەرگە
ئايلىنىدۇ، سەن ئۇنىڭغا مىنىسەن - دە، جاپا تارتمايلا ئۆز-
يۇڭلارغا يېتىپ بارىسەن. ئەمما، ئۆيۈڭگە بېرىپلا ئايالىڭنىڭ
ئاتا - ئانىسىنى ئۇنتۇپ قالساڭ بولمايدۇ. ھېچبولمىغاندا
بىر يىلدا بىرەر قېتىم ئايالىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ ئۇلار-
نىمۇ يوقلاپ تۇرغىن، — دەپ نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ
يولغا چىقىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ. جاھانشاھ بىلەن پەرى قىز
بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ، قىز كۆك كەپتەرگە ئايلىنىپتۇ،
جاھانشاھ ئۇنىڭغا مىنىپتۇ - دە، ئۇچۇپ ئۆز شەھىرىگە قاراپ
پەرۋاز قىپتۇ.

ئۇلار تاغ ئېشىپ، چۆل كېزىپ پەرۋاز قىلىپ تۇرسۇن،
بىز گەپنى جاھانشاھنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن ئاڭلايلى:

جاھانشاھنىڭ ئىككى ئاغىنىسى كەلگەن يوللىرى بىلەن
ئارقىسىغا قايتىپ ئالتە ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن ئۆز شە-
ھەرلىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە پادىشاھقا بولغان ئەھۋاللارنى
بايان قىلىپ، جاھانشاھنىڭ يېزىپ بەرگەن خېتىنى تاپشۇ-
رۇپتۇ. پادىشاھ جاھانشاھنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئوقۇپتۇ،
دۇنيادىكى بىردىنبىر پەرزەنتىنىڭ ھالىدىن قايغۇرۇپ ئاھۇ
پەرياد چېكىپتۇ. پادىشاھلىق ئىشلىرىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ،
كۈننى ئاھ چېكىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ يۈرگەن كۈنلەردە، باش-

قا بىر پادىشاھلىقنىڭ لەشكەرلىرى بۇ شەھەرگە باستۇرۇپ كەپتۇ ۋە مەملىكەتنىڭ بىر قىسمىنى تارتىۋاپتۇ. پادىشاھ بولسا پەرزەنت ئوتىدا ئاھ چېكىپ ئۆيدە يېتىۋېرىپتۇ.

شۇ كۈنلەردە جاھانشاھمۇ ئۆز ئېلىگە قايتىپ بۇ شەھەرگە يېقىنلاپ كەپتۇ ــ دە، ئايالىغا:

ــ مەن بۇ شەھەردىن كەتكەندە پىيادە مېڭىپ يولغا چىققانىدىم. بۈگۈنكى كۈندە شەھەرگە ئۇچۇپ كىرسەك ياخشى بولماس، شۇڭا شەھەر سىرتىغا چۈشكۈن قىلىپ، پىيادە مېڭىپ كىرەيلى، ــ دەپ تەكلىپ قىپتۇ. ئايالىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى بىر تاغقا چۈشۈپتۇ. پەرى قىز كەپتەر كىيىمىنى سېلىپ بىر لاتىغا ئوراپتۇ. ئۇلار بىرلىكتە شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار شەھەرگە يېقىنلاپ كەلگەندە بىر بوۋاي ئۇچراپتۇ. بوۋاي كېلىۋاتقان بۇ يىگىتنىڭ جاھانشاھ ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھقا خەۋەر يەتكۈزۈپ سۆيۈنچە ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، يول بويى ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە: «جاھانشاھ قايتىپ كەلدى» دەپ ۋارقىرىغىنىچە پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بالىسىنىڭ دەردىدە پۈتۈن جاھاندىن ۋاز كېچىش ئالدىدا تۇرغان پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ ــ دە:

ــ گېپىڭ راستمۇ؟ ــ دەپ سورىغانىكەن، بوۋاي:

ــ جانابلىرىغا يالغان سۆزلەشكە نېمە ھەددىم؟ ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ نۆكەرلىرىنى بۇيرۇپ بوۋايغا بىر تاۋاق تىللا ئىنئام قىپتۇ ــ دە، شەھەر سىرتىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. جاھانشاھنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان شەھەرنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۇقرالىرى شەھەر سىرتىغا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، دەرۋەقە جاھانشاھ دۇنيادا

تېگى يوق بىر گۈزەل قىز بىلەن كېلىۋاتقۇدەك. پادىشاھ ئۆز ئوغلىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىشكە تاس قاپتۇ. شەھەر خەلقى جاھانشاھ بىلەن پەرى قىزنى كۈتۈۋېلىپ ئوردىغا يەتكۈزۈپتۇ. جاھانشاھ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، باشتىن كەچۈرگەن ھەممە دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپتۇ.

جاھانشاھ ئۆز شەھىرىدە بىر ەر ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار جاھانشاھقا ئۆزلىرىنىڭ مەملىكىتىنىڭ بىر قىسمى باشقا بىر پادىشاھنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. جاھانشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزى سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلىپ تولىمۇ ئازابلىنىپتۇ. ئۇ بۇ مەملىكەتنىڭ قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى ئۆز قولى بىلەن قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن دادىسىغا ئىلتىجا قىپتۇ. پادىشاھ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كېلىپ، جاھانشاھنىڭ جەڭگە ئاتلىنىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ. جاھانشاھ لەشكىري يۈرۈشنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، خوتۇنىغا:

— مەن مەملىكەتنىڭ دۈشمەن بېسىۋالغان جايلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ قالدىم. كۆپ بولغاندىمۇ ئالتە ئاي ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن، شۇڭغىچە سەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرغىن، — دەپتۇ. شۇ چاغدا پەرى قىز:

— مەن سىزنى ئالتە ئاي ئەمەس، بىر يىل كۈتىمەن. ئەگەر شۇڭغىچە قايتىپ كەلمىسىڭىز، سىزدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ ئۆز شەھىرىمگە قايتىپ كېتىمەن، — دەپتۇ. يىگىت بولسا، ئالتە ئاي ئىچىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى دەپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

جاھانشاھ لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ دۈشمەن لەشكەر-

لىرى بىلەن جەڭنى باشلاپتۇ. دۈشمەن لەشكەرلىرىمۇ بوش كەلمەپتۇ. جەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ. ئاقىۋەت بىر يىل بولدى دېگەندە، جاھانشاھ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، بۇ يەرلەرنى باشقۇرىدىغان كىشىنى بەلگىلەپ بولۇپ يۇرتىغا قايتىپتۇ.

جاھانشاھ ئۆيگە قاراپ مېڭىپ تۇرسۇن، بىز گەپنى پەرى قىزدىن ئاڭلايلى:

پەرى قىز بىر يىل ساقلاپتۇ، جاھانشاھتىن خەۋەر بولماپتۇ. يەنە بىر ئاي، ئىككى ئاي، ھەتتا ئۈچ ئاي ۋاقىتمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جاھانشاھتىن زادىلا خەۋەر بولمىغاندىن كېيىن قىز ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئۈچۈن تەرەددۇتلىنىپ، كەپتەرلىك كىيىمىنى كىيىپ قېيناتا - قېينانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:


— دادا، ئاپا، مەن جاھانشاھ بىلەن قىلىشقان ۋەدەم بويىچە بىر يىل، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ساقلىدىم، ئۇنىڭدىن خەۋەر بولمىدى، شۇڭا مەن بۈگۈن ئۆز ئېلىمگە قاراپ يولغا چىقتىم. خەير - خوش، — دەپتۇ - دە، دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. جاھانشاھنىڭ ئاتا - ئانىسى: «ۋاي، يامان بولدى» دېگىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئوغلىدىن خەۋەر بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىنىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۇلارغا تولىمۇ ئېغىر كەپتۇ.

ئۇلار مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز گەپنى پەرى قىزدىن ئاڭلايلى:

پەرى قىز شۇ ئۇچقانچە توپتوغرا ئۆزىنىڭ ئېلىگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئاتا - ئانىسى قىزىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بوپتۇيۇ، بىراق قىزىنىڭ يالغۇز كەلگەنلىكىگە قاراپ ھەيران بولۇپ، نېمىشقا يالغۇز كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. قىز ئاتا -

ئانىسىغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئاتا-ئانىسى قىزنى جېمىلەپ:

— سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭ ياخشى بولماپتۇ، چۈنكى ئۇ دېگەن ئادەمزات، سەن دېگەن پەرى. كۆتكەن بولساڭ ياخشى بولاتتى. ئۇلار تۇرغان يەر بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىز سەن ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك بولغان بىلەن، ئادەمزاتلار ئۈچۈن بىرنەچچە يىللىق يول. ئەگەر ئۇ سالامەت قايتىپ كېلىپ، سېنى ئىزدەپ يولغا چىقسا يەنە نىمە جاپالارنى كۆرەر؟ خەير، كېلىپ بوپسەن، سېنى قايتۇرۇۋېتىشنىڭ ئورنى يوق، — دەپتۇ - دە، قول ئاستىدىكى بارلىق دىۋە - پەرىلەرگە: «ھەركىم مەملىكىتىمىزگە سىرتتىن كېلىپ قالغان ئادەمزات بالىسىنى ئۇچرىتىپ قالسا، زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەي مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلسە، مەن ئاشۇ خىزمەت يەتكۈزگۈچىنى تارتۇقلاپ قۇللۇقتىن ئازاد قىلىمەن» دەپ جاكارلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بارلىق دىۋە - پەرىلەر مەملىكەتنىڭ ھەممە چۆل - جەزىرە، تاغۇ تاشلىرىنى ئاختۇرۇپ، بۇياققا كېلىپ قالغان ئادەم بالىسىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ.



دىۋە ـ پەرىلەر ئىزدەپ تۇرسۇن، بىز گەپنى جاھانشاھتىن ئاڭلايلى:

جاھانشاھ جەڭنى تۈگىتىپ بىر يېرىم يىل بولغاندا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. كېلىپ ئەھۋالنى ئۇققۇدەك بولسا، خوتۇنى ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىكەن. جاھانشاھ دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۇنتۇپتۇ ـ دە، بىر ئۆيگە سۇنى چېچىپ مەيدىسىنى نەم يەرگە يېقىپ، كېچە ـ كۈندۈز شۇ ئۆيدىن چىقماي يېتىۋېرىپتۇ، شۇ ھالەتتە ئىككى ئاي چامىسىدا يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ، ئاھ ! مەن بۇ ئۆيدە يېتىۋېرىپ قانداق قىلالايتتىم، ئۇنىڭدىن كۆرە جاپا تارتسامۇ ھېلىقى بوۋاينى تاپسام، خوتۇنۇمنىڭ بار يېرىنى ئەلۋەتتە ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. مەن سەپەرگە ئاتلىنىشىم لازىم، دەپ ئويلاپتۇ. جاھانشاھ بۇ خىيالىنى ئاتا ـ ئانىسىغا بىلدۈرۈپ:

— دادا، مەن ئايالىمنى ئىزدەپ بارماقچى، ماڭا دۇئا بەرگىن، — دەپتۇ. دادىسى:

— بالام، پەرى قىزنى تاپقۇچە تارتمىغان ئازابىڭ قالمىدى. بۇ قېتىم كەتسەڭ ھايات قايتىپ كېلىشىڭدىن ئۈمىد يوق، شۇڭا ئۇياققا بارمىغىن. مۇشۇ شەھىرىمىزدىمۇ نى ـ نى چىرايلىق قىزلار بار، قايسىسىنى ماقۇل كۆرسەڭ شۇنى ساڭا ئېلىپ بېرەي ! — دەپتۇ. جاھانشاھ زادىلا ئۇنىماپتۇ. پادشاھ ئوغلىنى نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا كۆزى يەتمەي، ئاقىۋەت ئوغلىنىڭ يولغا چىقىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ.

جاھانشاھ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، سەپەر جابدۇقىنى پۈتتۈرۈپ يولغا ئاتلىنىپتۇ. ئالدىنقى قېتىم سەپەرگە چىققاندا بىر يىلدا بېسىپ بولغان يولنى بۇ قېتىم سەككىز ـ توققۇز ئايدا بېسىپ، ئاخىر ئۆزى مەدىكارلىق قىلغان شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ ـ دە، خۇرجۇنىنىڭ بىر تەرىپىگە

ئوزۇق، يەنە بىر تەرىپىگە بىر قاپاق سۇ قاچىلاپ، يۈرۈن ئۆزى بارغان مەدىكار بازىرىغا بېرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بىر تىللا بېرىپ ئۆزىنى تاغ ئۈستىگە چىقارغان ھېلىقى باي بەنىلا شۇ بازاردا: «كىم ماڭا بىر كۈن ئىشلەپ بەرسە بىر تىللا بېرىمەن» دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرگۈدەك. جاھانشاھ بۇ ئادەمنى تاپقىنىغا خۇشال بولۇپ:

— مەن ئىشلەپ بېرىمەن، — دەپ باينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. باي جاھانشاھنى تونۇماپتۇ. باي جاھانشاھنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، تاماق يەپ ئۇخلاپ، ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىپتۇ. بۇ قېتىم جاھانشاھ تاماقنى تويغۇچە يەپ، خاتىرجەم ئۇخلاپتۇ. ۋاقىت توشقاندا باي جاھانشاھنى ئويغىتىپ، ئۇنى باشلاپ، قېچىردىن بىرنى يېتىلەپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ. تاغ تۈۋىگە بېرىپ، قېچىرنى تۇلۇمچىلاپ سويغۇزۇپ، جاھانشاھنىڭ تاغ ئۈستىدە قىلىدىغان ئىشىنى تاپشۇرۇپ بولۇپ، ئۇنى تۇلۇمغا كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. جاھانشاھ خۇرجۇنىنى ئېلىپ تۇلۇمنىڭ ئىچىگە كىرگەنىكەن، باي:

— خۇرجۇنۇڭنى مەن ساقلاپ قوياي، ئېغىرلىق ئېشىپ كەتسە قۇشلار سېنى كۆتۈرەلمەيدۇ، — دەپتۇ. جاھانشاھ ئۇنىڭغا ئۇنىماي، خۇرجۇنىنى ئۆزى بىلەن بىرگە تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. نامەردلىك بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، جاھانشاھ تاغ ئۈستىدىن ئازراق تاشلارنى تۈۋەنگە تاشلاپ بېرىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، جاھانشاھنىڭ يەيدىغان ئوزۇقى، ئىچىدىغان سۈيىمۇ تۈگەپتۇ. ئۇ يەنە ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئوت - چۆپنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپ يولنى داۋام قىپتۇ، ئۆرە ماڭغۇدەك ماغدۇرى قالماپتۇ، ئۆمىلەپ مېڭىپ يۈت - قوللىرى يېغىر بولۇپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان

چاغدا، ھېلىقى بوۋاي بار يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ بوۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ، بىرنەچچە ۋاخ ئۇ يەردە ئارام ئېلىپ ماغدۇرىغا كەپتۇ، ئاندىن بوۋايغا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، خوتۇنىنىڭ يۇرتىنى سوراپتۇ. بوۋاي:

— ھەي بالام، مەن پەرى قىزلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلگىنىم بىلەن، ئۇلارنىڭ ئەسلىي يۇرتىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن، — دەپتۇ. جاھانشاھ بوۋاينىڭ گېپىگە ئىشەنمەي، يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاينىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— بالام، مەن قول ئاستىمدىكى ئۆزۈم قۇربى قۇش ۋە ھايۋانلار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، بەلكىم شۇلارنىڭ بىرەرى بىلسە ئەجەب ئەمەس، — دەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. بوۋاي ئۈچ كۈندىن كېيىن غەمكىن ھالدا قايتىپ كېلىپ:

— ھەممىسىدىن سوراپ باقتىم، بىرەرىمۇ بىلمەيدىكەن، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ جاھانشاھ غەمگە چۆكۈپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بوۋايمۇ ئازابلىنىپتۇ ـ دە:

— بالام، بۇ يەردىن كۈنپېتىشقا قاراپ يەنە بىر ئاي چامىسىدا ماڭغىنىڭدا ناھايىتى چوڭ بىر جىلغىغا ئۇچرايسەن. شۇ جىلغىنىڭ باش تەرىپىدە بىر ئادەم بار. بۇ ئادەم مېنىڭ بوۋامنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى بولىدۇ. ئۇ كىشىمۇ ماڭا ئوخشاش سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بايلىقلارنى ساقلايدۇ. ئۇنىڭ ساقلاۋاتقان بايلىقلىرى مېنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، يېشىمۇ مەندىن نەچچە باراۋەر چوڭ. بىر بولسا، ئاشۇ كىشى بىلىشى مۇمكىن، سەن بېرىپ شۇنىڭدىن سوراپ كۆرگىن، — دەپتۇ ـ دە، بوۋايغا قارىتىپ نامە يېزىپ بېرىپتۇ.

جاھانشاھ نامەنى كۆتۈرۈپ كۈنپېتىشقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېزىپ ھېلىقى جىلغىغا بې-

رىپ، جىلغا ئېچىدىكى بىر ئۆڭكۈردە ياشاۋاتقان بوۋاينى تې-پىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بوۋاينىڭ ساقىلى تىزىغا يېتىدى-كەن. جاھانشاھ بوۋاي بىلەن سالاملىشىپ تىنچ - ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىش مەقسىتىنى سۆزلەپ، ئاخىردا ھېلىقى بوۋاينىڭ نامەسىنى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بوۋاي نامەنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۇھ تارتىپ:

— ھەي بالام، مەن مۇشۇ ياشقا كىرىپ پەرىلەرنىڭ تۇ-رىدىغان يېرىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمەن، ساڭا ھېچقانداق يار-دەم بېرەلمىگۇدەكمەن، — دەپتۇ. جاھانشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەيۈسلىنىپ:

— بوۋا، مەن چۈشۈمدە پەرىنى كۆرگەن ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن بولغان تۇرسام، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى ئاڭلىمىدىم دېگەنلىرىگە قانداقمۇ ئىشىنەي؟ — دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بوۋاي:

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ قول ئاستىمدا نۇرغۇن دىۋىلەر بار، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەندىنمۇ قېرىلىرى بار. مەن بېرىپ شۇلاردىن سوراپ باقاي، — دەپتۇ - دە، دىۋىلەرنى ئىزدەپ كېتىپ قاپتۇ.

بوۋاي بىرنەچچە كۈن ئايلىنىپ يۈرۈپ دىۋىلەردىن سۈ-رۈشتە قىلغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى بۇ توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز مەسلىھەت بېرەلمەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي قايتىپ بېرىپ جاھانشاھقا ئەھۋالنى ئېيتقاندىن كېيىن، جاھانشاھ ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چېكىشكە باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بوۋاينىڭ جاھانشاھقا ئىچى ئاغرىپ:

— بالام، بۇ يەردىن كۈنپېتىشقا قاراپ ئۈچ كۈن يول يۈرسەڭ، بىر تاغنىڭ يېنىغا بارىسەن، شۇ تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە ياشايدىغان بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇ بوۋاي مېنىڭ بوۋامنىڭ بو-

ۋىسىنىڭ بوۋىسى بولىدۇ. مەن بىر نامە يېزىپ بېرەي. سەن
شۇ بوۋايغا بارساڭ، ئاشۇ كىشى ساڭا ياردەم قىلالىشى مۇم-
كىن، — دەپ بىر پارچە نامە يېزىپ، ئۇزۇق - تۈلۈك راسلاپ
بېرىپ جاھانشاھنى يولغا ساپتۇ.

جاھانشاھ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرگەندىمۇ
مول يۈرۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ئاقىۋەت ھېلىقى بوۋاي بار
تاغقا بېرىپ بوۋاينى تېپىپتۇ - دە، سالام - سەھەتتىن كې-
يىن كېلىش مەقسىتىنى ئېيتىپ، ھېلىقى بوۋاينىڭ نامەسى-
نى تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. بوۋاي نامەنى ئوقۇپ كۆرۈپ:

— ھەي بالام، مەن مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە بۇنداق گەپنى
ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. سەن بولساڭ نۇرغۇن جەبىر - جا-
پالارنى باشتىن كەچۈرۈپ بۇ يەرگە يېتىپ كەپسەن. مەن قول
ئاستىمدىكى ئۇچار قۇش، جان - جانىۋارلار بىلەن سۆزلىشىپ
كۆرەي. شۇلاردىن بىرەرى بىلسە ئەجەب ئەمەس، — دەپ،
جاھانشاھنى ئۆيدە قالدۇرۇپ ئۆزى سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.
بوۋاي تاغ ئارىلاپ خەۋەر قىلىپ، تاغدىكى بارلىق ئۇچار قۇش
ۋە ھايۋانلارنى يىغىپ پەرىلەرنىڭ تۇرار جايىنى سورىغانىكەن،
ھېچقايسىسى گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. بوۋاي قايتا -
قايتا دەۋەرگەندىن كېيىن، ئىككى قانىتىدا ئۇچتىن ئالتە،
قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا ئۈچ تال پېيىدىن باشقا پەيلىرى قالمى-
غان بىر قېرى قۇش:

— مەن بىر زاماندا بىر تاغنىڭ ئارقىسىدا پەرىلەرنىڭ
ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ئاڭلىشىمچە، شۇ تەرەپ
پەرىلەرنىڭ ماكانى ئىكەنمىش، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان
بوۋاينىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— باياتىن بېرى نېمىشقا گەپ قىلمىدىڭ؟ — دېگەنى-
كەن، قۇش:

ـــ مەندىنمۇ ياخشىراق بىلىدىغانلار ئۇمىكىن، دەپ گەپ قىلمىغانىدىم، ـــ دەپتۇ. بوۋاي ئۇ قۇشنى باشلاپ ئۆڭكۈرگە كىلىپ، جاھانشاھقا بولغان ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. جاھانشاھ بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ سۆيۈنۈپ، بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپتۇ. بوۋاي:

ـــ سەن ئەمدى، ـــ دەپتۇ قېرى قۇشقا، ـــ بۇ يىگىتنى ئۇستۇڭگە مىندۇرۇپ، ئۆزۈڭ كۆرگەن پەرىلەرنىڭ چېگرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ كەلگىن، ـــ دەپتۇ ۋە يىگىتنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

قېرى قۇش جاھانشاھنى ئۇستىگە مىندۇرۇپ بىرنەچچە كۈن ئۇچقاندىن كېيىن بىر تاغنىڭ ئۇستىگە قونۇپ:

ـــ مانا كەلدۇق. بۇ تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپى پەرىلەرنىڭ مەملىكىتى. مەن سېنى مۇشۇ يەرگىچە يەتكۈزۈپ قويالايمەن، ـــ دەپتۇ ـ دە، جاھانشاھ بىلەن خوشلىشىپ ئۆز ماكانىغا قايتىپتۇ. جاھانشاھ پەرىلەر مەملىكىتىگە قاراپ يولغا چۈشۈپتۇ. جاھانشاھ شۇ ماڭغانچە ئىككى كېچە ـ بىر كۈندۈز مېڭىپ ھېرىپ، بىرپەس ئارام ئالاي دەپ بىر توپ چىنارنىڭ تۈۋىدە يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

پەرىلەر پادىشاھىنىڭ ئەمرى بىلەن سىرتتىن كېلىپ قالغان ئادەمزات بالىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن دىۋىلەردىن بىرى كېلىۋېتىپ قارىسا، چىنارنىڭ تۈۋىدە بىر ئادەم بالىسى ئۇخلاپ ياتقانمىش. بۇنى كۆرۈپ، پادىشاھىمىز ئېيتقان ئادەم بالىسى مۇشۇ بولسا كېرەك دەپ، جاھانشاھنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇپ، ئاستا كۆتۈرۈپ دۈمبىسىگە ئارتىپتۇ ـ دە، يولغا چىقىپتۇ. دىۋە خېلى ئۇزۇن يولنى بېسىپ بولغۇچە جاھانشاھ ئويغانماپتۇ. بىر چاغدا ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىرى كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلۇپتۇ ـ دە، ئوڭى ياكى چۈشى

ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، راستىنىلا ئۆ-
زىنى بىر دۋە كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغۇدەك. بۇ نېمە ئالامەتتۇ،
شۇنچە جاپالىرىم ئاز بولۇپ قالغاندەك ئەمدى دۋىنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالغىنىم نېمىسى، دەپ ئەنسىرەپ، خۇداغا ئىلتىجا قى-
لىپ، يىراق - يىراقلارغا قارىغانىكەن، تولىمۇ يىراقتا بىر
شەھەرنىڭ تۇرغانلىقىنى، دۋە بولسا شۇ تەرەپكە قاراپ كېتىپ
بارغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئاقىۋەت ئۇ، بېشىمغا كەلگەننى كۆ-
رەرمەن، دەپ دۋىنىڭ دۈمبىسىدە تۇرىۋېرىپتۇ. دەرۋەقە دۋە
شەھەرگە كىرىپ، شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ھەشەمەت-
لىك ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ جاھانشاھنى يەرگە چۈشۈرۈپتۇ.
جاھانشاھ يەرگە چۈشۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئەتراپقا قارىسا،
بىر ئۆيدىن ئىككى قىز چىقىپ باشقا بىر ئۆي تەرەپكە قاراپ
كېتىۋاتقۇدەك. جاھانشاھ سەپسېلىپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئۆز خو-
تۇنىنىڭ ھەدىلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇپ قېلىپ ۋارقىرىغىنى-
چە ئۇلار تەرەپكە يۈگۈرۈپتۇ. قىزلارمۇ جاھانشاھنى تونۇپ ئۇ-
نىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ، ئاتا - ئانىسى-
نىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرىپ تونۇشتۇرۇپتۇ. پادىشاھ بىلەن ئۇ-
نىڭ خوتۇنى جاھانشاھ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئاڭ-
غىچە قىزلار بېرىپ سىڭلىسىنى باشلاپ كەپتۇ. جاھانشاھ
خوتۇنىنى كۆرۈپ چەكسىز شادلىقتا چۆمۈپتۇ. شۇنداق قى-
لىپ، ئۇلار تىنچ - ئامان كۆرۈشۈپتۇ. پەرىلەر جاھانشاھنى
خاس ئارامگاھتا بىرنەچچە كۈن ياخشى كۈتۈپ دەم ئالدۇرغان-
دىن كېيىن پادىشاھنىڭ يېنىغا باشلاپ ئەكىرىپتۇ. پادىشاھ:

— بالام، سىز بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزنى قانداق تېپىپ
كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

جاھانشاھ پەرى قىزنى چۈشىدە كۆرگەندىن تارتىپ ھا-
زىرغا قەدەر بولغان كەچۈرمىشلىرىنى پادىشاھقا تولۇق سۆزلەپ

www.uyghurkitap.com

بېرىپتۇ. پادىشاھ جاھانشاھنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىگە تەھسىن ئوقۇپتۇ ھەممىدىن:

ــ ئوغلۇم، سىز مېنىڭ قىزىمنى دەپ كۆز ئۈزمىگەن قۇلاق ئاڭلىمىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈپسىز. قىزىمنىڭ سىزنى كۈتۈپ تۇرماي قايتىپ كەلگەنلىكى سىزنى ئېخىمۇ كۆپ مۇشكۇلاتقا دۇچار قىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەيىبلىك، بىزنى ئەپۇ قىلغايسىز، ــ دەپ كەچۈرۈم سورىغانىكەن، جاھانشاھ:

ــ ھېچ ۋەقەسى يوق، شاھ ئاتا، بىز يەنىلا خۇشال ـ خۇرام كۆرۈشتۇقۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ قايتىدىن قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلىپ قىزىنى نىكاھلاپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن جاھانشاھ پەرىلەر شەھىرىدە بىر يىلغا يېقىن تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى جاھانشاھ خوتۇنىغا:

ــ مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنگە ئىككى يىلدىن ئارتۇق بولدى. ئاتا ـ ئانام مېنىڭ يولۇمغا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا سەن شاھ ئاتىمىزغا دەپ باقساڭ، بىز ئۆز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېتىپ كېلەر يىلى يەنە كەلسەك، ــ دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ. پەرى قىز بۇ گەپنى دادىسىغا دېگەنىكەن، پادىشاھ جاھانشاھنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

ــ دەرۋەقە، سىزنىڭ دېگىنىڭىزمۇ توغرا. شۇڭا، سىلەر قايتىپ كېتىپ ئاتا ـ ئانىڭىزنى خۇشال قىلىڭلار. ھەر يىلى بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ بىزنىمۇ يوقلاپ تۇرۇڭلار، ــ دەپ ئۆز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، سوۋغا ـ سالاملارنى بېرىپ، ئۇلارنى يولغا ساپتۇ. جاھانشاھ كەپتەر كىيىمىنى كىيگەن ئايالىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، يولغا راۋان بوپتۇ.

ئەمدى گەپنى جاھانشاھنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئاڭلايلى:

جاھانشاھ ئىككىنچى قېتىم ئۆيدىن چىققاندا: «بىرنەچچە

ئاي ئىچىدە قايتىپ كېلىمەن» دەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەتكىنىگە ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قاپتۇ. جاھانشاھ قايتىپ كەلمىگەنسېرى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى پەرزەنتىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ كۆزلىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ پۈتۈن خىيالى ئۆز بالىسىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككى كۆزدىن ئايرىلغان بولغاچقا، پادىشاھلىق ئىشلىرى بىلەنمۇ كارى بولماپتۇ. دۆلەت ئىشلىرى ۋەزىرلەرنىڭ قولىغا قالغاچقا، ئۇلار پۇقرالارغا ئۆزلىرى بىلگەنچە زۇلۇم - ستەم قىپتۇ. پۇقرالار: «ئاڭلىشىمىزچە، جاھانشاھ قاياقلاردىدۇر قازا قىپتۇ - دەك. ئەمدى پادىشاھلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان تەخت ۋارىسى يوق بولدى. ئەمدى ھالىمىز نېچۈك بولار؟» دەپ قايغۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، جاھانشاھ بۇ شەھەردە تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى كۆرگەن شەھەر خەلقى خۇشال بولۇپ، پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ بۇ خەۋەردىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، بالىسىنىڭ ئالدىغا چىقالماپتۇ. جاھانشاھ ئوردىغا كىرىپ قارىسا، ئاتا - ئانىسى ئىككى كۆزىدىن قان - يىرىڭ ئاققان ھالەتتە ئولتۇرغۇدەك. پەرى قىز شۇ ھامان خالتىسىدىن دادىسى سوۋغات قىلغان ئالمىدىن ئىككى تال ئېلىپ بىرىنى قېيناتىسىنىڭ، يەنە بىرىنى قېينانىسىنىڭ كۆزىگە سۈرتۈپ، قوللىرىغا بېرىپتۇ، ئۇلار ئالمىنى يېگەنىكەن، شۇ ھامان كۆزلىرى ئەسلىگە كەپتۇ، ئاندىن كېيىن بالىسى ۋە كېلىنى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ يىغلىشىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، جاھانشاھ بىلەن ئۇنىڭ پەرى ئايالى ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىدا خۇشال - خۇرام ياشاشقا باشلاپتۇ.

ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن پەرى قىز ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئاي - كۈنىمۇ يېقىنلاپتۇ. شۇ

كۆنلەردە قىز جاھانشاھقا:
— بىز بۇ شەھەرگە كەلگىنىمىزگە بىر يىل بولۇپ
قالدى. ئەمدى ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر نەچچە ئاي
تۇرۇپ شۇ يەردە يەڭگىپ كەلسەم، — دېگەن تەلەپنى قويۇپتۇ.
جاھانشاھ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىككىسى
بىللە بارىدىغان بوپتۇ. پەرى قىز كەپتەر تونىنى كىيىپتۇ.
جاھانشاھ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرۇپتۇ ـ دە، پەرىلەر مەملى-
كىتىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم سەپەر قىلغان
ۋاقتى تومۇز ئايلىرى ئىكەن. ئۇلار ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا
قارىماي تاغ ئېشىپ، چۆل كېزىپ ئۇچۇپتۇ، بىراق ھەر ئىك-
كىلىسى ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي قاپتۇ. بىر چۆللۈكتە ئۇچۇپ
كېتىۋېتىپ جاھانشاھ تۆۋەنگە قارىغۇدەك بولسا، بىر جىلغىدا
سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ئېقىۋاتقانمىش. بۇنى كۆرۈپ جاھانشاھ
ئۆزىنى تۇختىتالماي: «سۇ، سۇ» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاھانشاھ-
تىنمۇ بەتتەر چاڭقاپ كەتكەن پەرى قىز سۇغا قاراپ شۇڭ-
غۇپ سۇ بويىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئەسلىگە كەپتۇ، ئاندىن سۇ-
دىن بىر يۇتۇم ئىچىپتۇ ـ دە، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. بۇنى
كۆرۈپ جاھانشاھ ئاھۇ پەرياد چېكىپتۇ. ئۇ قىزنىڭ جەستى-
نى كۆتۈرۈپ ئازراق ماڭغانىكەن، بىر ئۆڭكۈرگە دۇچ كەپتۇ.
جەسەتنى كۆتۈرگىنىچە ئۆڭكۈرگە كىرىپ قارىسا، ئۆڭكۈر
ئىچىدە ئايدەك گۈزەل بىر قىز ئۇخلاۋاتقانمىش، ئۆڭكۈر تې-
مىدا بىر خەت يېزىقلىق تۇرغۇدەك. ئوقۇپ قارىسا، بۇنىڭدىن
نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى ئاشىقلىق يولىدا مۇشۇ يەردىن ئۆ-
تۈپ كېتىۋېتىپ ئاشۇ سۇدىن ئىچىپ قازا تاپقان قىز بىلقىيا
مانا شۇ ئىكەن. ئەمما، قىز ۋاپات بولغىنىغا نەچچە مىڭ يىل
بولغان بولسىمۇ، ھازىرلا ئۇخلاپ قالغاندەك ياتقۇدەكمىش.
جاھانشاھ پەرى قىزنىڭ جەستىنى بىلقىيانىڭ جەستى

www.uyghurkitap.com

يېنىغا ياتقۇزۇپ، ھېلىقى سۇدىن بىر يۇتۇمنى ئەكېلىپ ئۆزى
ئىككى قىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپتۇ-دە، سۇنى ئىچىپ
شۇ ھامان جان ئۈزۈپتۇ.

جاھانشاھ بىلەن بىلقىيا ئەنە شۇنداق ئۇچراشقانىكەن.

— مانا بۇ، «جاھانشاھ بىلەن بىلقىيانىڭ ئۇچرىششى»
دېگەن ھېكايە بولىدۇ. سېنىڭ ئالدىڭدا مۇشۇنچىلىك زور قى-
يىنچىلىق بارمۇ؟ — دەپ مەلىكە مارال ئوتۇنچى بالىغا ئېيت-
قان ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

— بۇنىڭدىنمۇ زور قىيىنچىلىق بار، شۇڭا مېنى چىقى-
رىۋەتسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ ئوتۇنچى بالا. مەلىكە
مارال بولسا:

— زادى چىقىپ كېتىمەن دېسەڭ چىقىرىۋېتىمەن، ئەمما
سەن تولىمۇ خەتەرلىك ئىشلارغا دۇچار بولىسەن! — دېگە-
نىكەن، ئوتۇنچى يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. مە-
لىكە مارال شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇنداق بولسا، ساڭا بىر شەرتىم بار، سەن شۇ
شەرتكە ماقۇل كەلسەڭ چىقىرىۋېتىمەن، — دېگەنىكەن، ئو-
تۇنچى بالا:

— ئۇستىگە چىقىپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا، ھېلىغۇ
بىر شەرتكەن، مىڭ شەرت بولسىمۇ ماقۇل دەيمەن، — دەپتۇ.
مەلىكە مارال:

— سەن ئۇستىگە چىققاندىن كېيىن ئادەم بالىسى بار
يەردە كېيىمىڭنى يەشمەيسەن. يۇيۇنۇش توغرا كەلگەندىمۇ
ھېچقانداق ئادەم يوق يەردە يۇيۇنىسەن. قىسقىسى، ئۆز بەدى-
نىڭنى ھېچقانداق ئىنسانغا كۆرسەتمەيسەن، — دەپتۇ. ئوتۇن-
چى بالا رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە
مارال ئوتۇنچى بالىنى باشلاپ بېرىپ بىر يوچۇقتىن يەر

www.uyghurkitap.com

ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ.

ئوتۇنچى يەر يۈزىگە چىقىپ قارىسا، دىگەن ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، دىگەر ۋاقتىدىن قانچىسى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىكەن. ئوتۇنچى بورۇنقى كۆتەك كۆلىغان جايغا بېرىپ قارىسا، شۇ چاغدا يىغىپ قويغان ئوتۇنلىرى تۆت پېتىچە تۇرغۇدەك. ئۇ ئوتۇنلىرىنى كۆتۈرۈپ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەرگە يېقىنلاشقاندا قارىسا، ئۆزى بىلەن ئوتۇن-چىلىق قىلغان ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ بىرى ئۇچراپ قاپتۇ. قا-رىغۇدەك بولسا، ئۇ بورۇنقى ئوتۇنچى ئەمەس، كاتتا بىر باي-مىش. ئۇلار كۆرۈشۈپتۇ. باي ئوتۇنچى ئاغىنىسىنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ مېھمان قىپتۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ياخشى كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئېلىپ بېرىپ:

— ئاداش، ئەمدى ئىككىمىز سەراپقا كىرەيلى. يۇيۇنۇپ ئاندىن كىيىن بۇ كىيىملەرنى كىيگىن، — دەپ ئوتۇنچىنى سەراپقا باشلاپ مېڭىپتۇ.

ئۇلار سەراپقا كېتىۋەرسۇن، بىز گەپنى باشقا تەرەپتىن ئاڭلايلى:

ئوتۇنچىلار تۇرۇشلۇق شۇ شەھەردە بىر پادىشاھ بار ئى-كەن. ئۇ ناھايىتى ئادىل، دىيانەتلىك پادىشاھ ئىكەن. كۈنلەر-نىڭ بىرىدە بۇ پادىشاھ ئاغرىپ قاپتۇ. ھەرقايسى شەھەرلەردى-كى داڭلىق تېۋىپلارنى ئەكەلگەن بولسىمۇ، ھېچقايىسىسى ئۇ-نىڭغا داۋا تاپالماپتۇ. رەمچى، قۇرچىلارغا بارغانىكەن، قايسى-سىغىلا بارسا:

— مەلىكە مارالنىڭ گۆشىنىڭ شورپىسىنى ئىچسە سا-قىيىدۇ، — دەپ دورا بۇيرۇپتۇ. پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى:

— مەلىكە مارالنى نەدىن تاپلىقى بولىدۇ؟ — دەپ سو-رىسا، قۇرچى:

— مەلىكە مارالنى تاپماق تولىمۇ تەس. ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ دۇمبىسىدە تاۋاقتەك چوڭلۇقتا مەڭ بولىدۇ. شۇنداق ئادەمنى تاپساق، شۇ ئادەم مەلىكە مارالنى تېپىپ بېرىدۇ، — دەپتۇ. مۇلازىملار:

— ئۇ ئادەمنى قانداق تاپىمىز؟ ياكى شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسىنى يالىڭاچلاپ كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزىمىزمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، قۇرچى:

— ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. شەھەر ئىچى ھەم سىرتىدىكى سەراپلارغا ماراقچى قويۇپ، شۇ ئارقىلىق تېپىشقا بولىدۇ، — دەپتۇ. مۇلازىملار بۇ گەپنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىپتۇ.

ھەممە سەراپلارغا ماراقچىلار قويۇلغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئوتۇنچىلار يۇيۇنۇش ئۈچۈن سەراپقا كىرىپتۇ. ئۇلار يۇيۇنۇۋاتقاندا، ماراقچىلار ئوتۇنچى بالىنىڭ دۇمبىسىدىكى تاۋاقتەك چوڭلۇقتىكى مەڭنى كۆرۈپ گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇشۇپ كېتىپتۇ. ئوتۇنچى يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ سەراپتىن چىقىشىغا، ماراقچى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «پادىشاھئالەم سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپلا ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا ھەيدەپ كەپتۇ. پادىشاھنىڭ بىر ئوڭ قول ۋەزىرى بولۇپ، زۇلۇم – ستەمدە، قارا نىيەتتە چېكىگە يەتكەن ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ مەقسىتى پادىشاھلىقنى قولغا ئېلىش ئىكەن. ئۇ ئوتۇنچىدىن مەلىكە مارالنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ئوتۇنچى مەلىكە مارالنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاقىۋەت ۋەزىر نۇرغۇن دۇنيادەپىنە بېرىپ ئۇنى باي قىلىۋېتىدىغانغا ۋەدە بەرگەندىن كېيىن، ئوتۇنچى مەلىكە مارالنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ۋەزىر:

— ئۇنداق بولسا، مەلىكە مارالنى ئۆزۈڭ باشلاپ

www.uyghurkitap.com

كېلىسەن ! — دەپ ئەمر قىپتۇ. ئوتۇنچى ئۇنىمىغانىكەن، ۋەزىر جاللاتنى ئۇنىڭ يېنىغا تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ.

— بۈگۈن مەلىكە مارالنى باشلاپ كەلسەڭ ھايات قالىسەن، مۇبادا: «ياق» دېسەڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن ! — دەپتۇ. ئوتۇنچى ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەلىكە مارالنى باشلاپ كېلىشكە ماقۇل بوپتۇ. ئۇ چوڭقۇر غەمگە چۆككىنىچە بۇرۇنقى كۆتەك ئاستىدىن چىققان يول بىلەن بېرىپ باغقا كىرىپ قارىسا، باغدىكى دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ، گۈللەر غازاڭغا ئايلىنىپ، سايراپ تۇرغان قۇشلارمۇ غايىب بولۇپ، كۆلنىڭ سۈيىمۇ قۇرۇپ، باغ بىر خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن. مەلىكە مارالنىڭ تۇرار جايىغا بارسا، مەلىكە مارالنىڭ بۇرۇنقى گۈزەللىكى يوقىلىپ، سولغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىكەن. مەلىكە مارال ئوتۇنچىنى كۆرۈشى بىلەنلا، يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن سېنى بۇ يەردىن كەتمىگىن دەپ شۇنچە قىلسامۇ ئۇنىماي كەتتىڭ. مانا ئەمدى سەن ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ،



ماڭمۇ قىلدىڭ. خەير، ئەمدى مەن سەن بىلەن بىللە ئۆ-
لۈمگە باراي. پادىشاھ مېنىڭ شورپامنى ئىچىپ شىپالىق تاپ-
سۇن، — دەپتۇ - دە، ئوتۇنچى بىلەن يەر ئۈستىگە چىقىپ-
تۇ. ئۇلار ئوردىغا كەپتۇ. ۋەزىر مەلىكە مارالنى كۆرگەندىن
كېيىن ئوتۇنچىنىڭ قولىغا بىر پىچاقنى تۇتقۇزۇپ، مەلىكە
مارالنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى پارچىلاپ قازانغا سېلىشنى بۇي-
رۇپتۇ. ئوتۇنچى ئۇنىمىغانىكەن، يەنە جاللاتلارنى ئەكېلىپ ئۇ-
نىڭغا تەھدىت سېلىپ، مەلىكە مارالنى ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ، گۆ-
شىنى قازانغا سېلىپ، يەنە شۇ ئوتۇنچىغا ئوت ياققۇزۇپ،
قازاننى قاينىتىشقا بۇيرۇپتۇ. ئوتۇنچى ئوت ياقماقچى بولۇپ
تۇرغاندا، ۋەزىر ئۈچ دانە چىنە ئاچىقىپ، چىنىلەرگە بىرىنچى،
ئىككىنچى، ئۈچىنچى دېگەن بەلگىلەرنى سېلىپ، ئوتۇنچىغا:
— بىرىنچى قېتىم قاينىغان شورپىنى بىرىنچى چىنى-
گە، ئىككىنچى قېتىم قاينىغان شورپىنى ئىككىنچى چىنىگە،
ئۈچىنچى قېتىم قاينىغان شورپىنى ئۈچىنچى چىنىگە ئال-
سەن ! — دەپ بۇيرۇپ قويۇپ ئۆزى كېتىپ قاپتۇ. ئوتۇنچى
قازانغا ئوتنى يېقىشى بىلەن تەڭلا، قازاندىن:
«ئەي ئوتۇنچى، سەن ۋەزىرنىڭ دېگىنىدەك قىلما. بىرىن-
چى قېتىم قاينىغاننى ئىككىنچى چىنىگە، ئىككىنچى قېتىم
قاينىغاننى ئۈچىنچى چىنىگە، ئۈچىنچى قېتىم قاينىغاننى
بىرىنچى چىنىگە ئالغىن» دېگەن سادا كەپتۇ. ئوتۇنچى قازان
قاينىغاندىن كېيىن، قازاندىن چىققان سادا بويىچە شورپىنى
چىنىلەرگە ئاپتۇ.
ئەسلىدە بۇ شورپىنىڭ بىرىنچى قېتىم قاينىغىنى زەھەر
بولۇپ، بۇنى ئىچكەن ئادەم ئۆز جايىدا تىن تارتماي ئۆلىدى-
كەن. ئىككىنچى قېتىم قاينىغىنىنى ئىچسە، ھەرقانداق كې-
سەلگە شىپا بولىدىكەن ھەمدە پادىشاھلىق تەختكە ئېرىشىدى-

كەن. ئۈچىنچى قېتىم قاينىغاننى ئىچسە زور بايلىق ھەم ۋە-
زىرلىك تەختىگە ئېرىشىدىكەن. ۋەزىرنىڭ ئەسلىدىكى مەقسى-
تى بىرىنچى قاينىغاننى ئوتۇنچىغا ئىچكۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىش،
ئىككىنچى قاينىغاننى ئۆزى ئىچىپ پادىشاھ بولۇش، پادىشاھ-
نى بولسا ۋەزىر قىلىۋېتىش ئىكەن. بىراق، ئوتۇنچى قازاندىن
چىققان سادا بويىچە ئىشنى پۈتتۈرۈپ، ۋەزىرگە خەۋەر بېرىپ-
تۇ. ۋەزىر قازان بېشىغا ئالدىراپ چىقىپلا پادىشاھقا ئاتاپ
قويغان چىنىدىكى شورپىنى مۇلازىملاردىن كىرگۈزۈپ بېرىپ،
بىرىنچى چىنىنى ئوتۇنچىغا، ئىككىنچى چىنىنى ئۆزىگە تەق-
سىم قىلىپ شۇ يەردىلا ئىچكەنىكەن، ۋەزىر تىن تارتمايلا ئۆ-
لۈپتۇ. شورپىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئىككىنچى قېتىم قاينى-
غان ئۈچىنچى چىنىدىكى شورپىنى ئىچىپ پادىشاھ كېسەلدىن
شىپا تېپىپتۇ، ئۈچىنچى قېتىم قاينىغان بىرىنچى چىنىدىكى
شورپىنى ئىچكەن ئوتۇنچىنى بولسا: «مېنى كېسەلدىن خالاس
قىلغان شەپقەتچىم» دەپ نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن
تارتۇقلاپ، ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىۋاپتۇ.

ئوتۇنچى پادىشاھقا ھەمكارلىشىپ ئادىللىق بىلەن خانلىق
ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆزى بىلەن بىرلىك-
تە ئوتۇنچىلىق قىلغان ئىككى دوستىنىڭ ئۆزلىرى قىلغان
ئەسكىلىكلىرىدىن ئۇنى چوقۇم قىساس ئالىدۇ، دەپ قېچىپ
يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، نۆكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئوردىغا چاقىر-
تىپتۇ ۋە ئوردىدا كاتتا مېھمان قىپتۇ. ئاندىن ئۇلارغا ئۆزى-
دىن قورقۇشىنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئەگەر ئۇلارنىڭ سەۋەب-
كارلىقى بولمىسا، ئۆزىنىڭمۇ ۋەزىر بولالمايدىغانلىقىنى ئېيت-
تىپ ئىككى دوستىنى تارتۇقلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتۇنچى
ۋەزىر بولۇپ ئادىللىق بىلەن شەھەر سوراپ ئۇ يەردە قالدى،
ئىشىم پۈتكەندىن كېيىن مەن بۇياققا قايتىپ كەلدىم.

## دىيانەتسىز ئۇستاز

بۇرۇنقى زاماندا قۇتلۇقشاھ دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەنى-
كەن، ئۇنىڭ پەقەت پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇ پادىشاھلىق ئور-
نىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان بىرەر پەرزەنتى يوقلۇقىنى ئويلى-
غاندا يۈرىكى ئۆرتىنىدىكەن، دائىم خۇدادىن پەرزەنت تىلەيدى-
كەن، تەلەپ - ئارزۇسىغا يارىشا خوتۇنى ھامىلىدار بوپتۇ،
ۋاقتى - سائىتى كېلىپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. خۇشاللىقىدىن
پادىشاھنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. بىراق،
«خۇشلۇقنىڭ خاپىلىقى بار» دېگەندەك، پادىشاھ خۇش بولۇپ
يۈرگىنىدە، تۇغۇلغان بوۋاق تۇيۇقسىزدىنلا غايىب بولۇپ كې-
تىپتۇ. قۇتلۇقشاھ يىغلاپ - قاقشاپ قاپتۇ، ھەممە يەرنى
ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن بالىسىنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماپتۇ.

ئەمدى گەپنى بوۋاقتىن باشلايلى:

ئۇنى شەھىرى ئەلقانىڭ پەرىلىرى ئېلىپ قاچقانىكەن.

پەرىلەر ماكانى — شەھىرى ئەلقانىڭ پادىشاھى مارۇتنىڭ
خوتۇنى ساھىبجامال بىر قىز تۇغۇپتۇ. پادىشاھ مارۇت دىۋە -
پەرىلەرگە: «مېنىڭ قىزىم بىلەن بىر كۈن بىر سائەتتە تۇغۇلغان
ئوغۇل بالا بولسا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. دىۋە - پەرى-
لەر تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، ھەممە يەرنى ئىزدەپتۇ. قۇتلۇق-
شاھنىڭ ئوغلى پادىشاھ مارۇتنىڭ قىزى بىلەن بىر كۈن بىر

سائەتتە تۇغۇلغانلىقىنى بىلگەن پەرىلەر بوۋاقنى ئاكىسى بىلەن كۆتۈرۈپلا ئېلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ مارۇت بۇ چىرايلىق ئوغۇلنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. قىزغا «ماھان»، ئوغۇلغا «تابان» دەپ ئات قويۇپتۇ. ماھان بىلەن تاباننى ئىنىكئانىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئىنىكئانا بۇلارنى ئاۋايلاپ، ئاززۇلاپ بېقىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ مارۇت پەرىلەرگە تاباننى ئاتا - ئانىسىغا كۆرسىتىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئىككى پەرى تاباننى بىر كېچىدە قۇتلۇقشاھنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا ئاستاغىنا ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ. بالىسىنىڭ پىراقى بىلەن دەرد - ئەلەم ئىچىدە قالغان ئاتا - ئانا بالىنى كۆرۈپ چۆچۈپ، ھەيرانۇ ھەس بوپتۇ: «ئوڭۇمۇ، چۈشۈمۇ؟» دېيىشىپتۇ. بالىنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈپ، خۇشلۇقتا ئۆزلىرىنى باسالماي قاپتۇ. بالا ئاپئاق، سېمىز، قاۋۇل، چىرايلىق چوڭ بولغانىكەن. ئەمما، ئۇلار بالىنى كىمنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ يەنە قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. بالىنى يەنە ئوغرىلاپ كەتمىسۇن، دەپ سىرتقا ئېلىپ چىقماپتۇ. كىشىلەر نۆۋەت بىلەن بالىغا ھەمراھ بوپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. بالا يەنە بىر كېچىدىلا غايىب بوپتۇ. قۇتلۇقشاھ تەرەپ - تەرەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەپتۇ، ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. قۇتلۇقشاھ بىلەن خوتۇنى بالىسىنىڭ دەردىدە يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ.

ئەمدى گەپنى يەنە شەھىرى ئەلقادىن باشلايلى:

پادىشاھ مارۇت بىر ئايدىن كېيىن پەرىزاتلارنى بۇيرۇپ، تاباننى قايتۇرۇپ كەپتۇ. تاباننى يەنە ماھانغا قوشۇپ تەربىيىگە تاپشۇرۇپتۇ، ئۇ بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەشكە باشلاپتۇ. ماھان بىلەن تابان توققۇز ياشقا كىرىپتۇ. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە ئېجىل ئىكەن، بىر - بىرىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدىكەن. پادىشاھ بالىلارنى مەكتەپكە بېرىپتۇ. بالىلار مەك-



تەپكە بىللە بېرىپ، بىللە كېلىپ ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ.
يىللار ئۆتۈپتۇ، ئۇلار ھەممە بىلىملەردىن خەۋەردار بوپتۇ. بولۇپ-
مۇ ماھان كىشىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئىنتايىن چىرايلىق، ئە-
قىل - پاراسەتلىك چوڭ بوپتۇ. ئۇنىڭغا مولللىسىنىڭ كۆزى
چۈشۈپتۇ. مولللىنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ماھان بىلەن تا-
باننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، ھەر خىل ئامال -
چارىلەرنى ئىشقا سېپتۇ، بىراق ئۇلارنى بىر - بىرىدىن زادىلا
يىراقلاشتۇرالماپتۇ. موللا تاباننى ماھاندىن مەڭگۈلۈك ئايرىش
ئۈچۈن، ئۇنى يوقىتىش نىيىتىگە كەپتۇ ۋە بىر كۈنى تاباننى يې-
نىغا چاقىرىپ:
— ئوغلۇم، سەن ياخشى ئوقۇدۇڭ، ئۇستازىڭنىڭ ھۆرمى-
تىنىمۇ ياخشى قىلىۋاتىسەن. ئۇستازىڭنىڭ مۇھىم بىر خىز-
مىتى چىقىپ قالدى. سېنى بىر ئىشقا بۇيرۇيمەن، شۇ ئىشنى

بېجىرىپ كېلەلەمسەن؟ — دەپتۇ. ساددا، ئاق كۆڭۈل تابان:

— ئۇستازىمنىڭ خىزمىتىگە تەييارمەن. ئوتقا كىر دېسە، ئوتقا كىرىمەن، سۇغا كىر دېسە، سۇغا كىرىمەن. قانداق قىيىن خىزمەت بولسىمۇ بۇيرۇسىلا، جان ـ دىلىم بىلەن بېجىرىپ كېلەي، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. موللا:

— ئوغلۇم، سېنىڭ غەيرەت ـ ھىممىتىڭگە رەھمەت. تارىخنامىلەرگە قارىغاندا، كۆنپېتىش تەرەپتىكى بىر جەزىرىدە ھەزرىتى سۇلايماندىن قالغان بىر خاسىيەتلىك داش قازان بارمىش. بۇ قازاندا تۆرلۈك خاسىيەتلەر بارمىش. ئەس ـ يادىم شۇ قازان بىلەن بولۇپ قالدى. شۇ قازاننى تېپىپ كېلىش قولۇڭدىن كېلەمدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. تابان:

— ئۇستازىم، دۇئا قىلسىلا، بۇنىڭدىن مۇشكۈل ئىش بولسىمۇ بېجىرىپ كېلەلەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

موللىسى دۇئا قىپتۇ. تابان موللىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ماھاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇستازىنىڭ بۇيرۇغان خىزمىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ خىزمەتنى ئورۇنداشقا ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ماھان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— قانداق بولۇپ مۇنداق مۇشكۈل خىزمەتنى سىزگە تاپشۇرغاندۇ؟ خەير، بوپتۇ، ئۇستاز خىزمىتىنى ئورۇنداڭ. ئالدى بىلەن دادامنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇستازىڭىز بۇيرۇغان خىزمەتنى ئېيتىڭ. دادام سىزگە تۆت دىۋە قوشۇپ بەرسۇن، يالغۇز ماڭسىڭىز مەن ئەنسىرەيمەن. سىز قازاننى يالغۇز ئېلىپ كېلەلمەيسىز. تارىخنامىلەرگە قارىغاندا، بۇ قازاننى قىرىق ئادەم نۆۋەتلىشىپ ساقلايمىش. كېچىسى ئېلىپ قاچمىسا، كۈندۈزى ئېلىپ كېتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسمىش، — دەپتۇ.

تابان پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەھۋالنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، تابانغا يارام-

لىق دىۋىدىن تۆتنى قوشۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ھېرىپ - چارچاپ مىڭ بىر جاپادا جەزىرىگە كەپتۇ. ئۇلار يوشۇرۇنچە ئىزدەپ، ئاخىر ھېلىقى قازان بار يەرنى بىلىۋاپتۇ. كېچىسى قازاننى ساقلايدىغانلار ئۇخلاپ قالغاندا، بېرىپ قازاننى ئېلىپ كەپتۇ. تابان ئۇستازىنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنداپ، خاسىيەتلىك قازاننى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە خۇش بولۇپ، «ئۇستازىمنىڭ دۇئاسىنى ئالىدىغان بولدۇم» دەپ، زور ئۈمىد بىلەن ئۇستازىنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بېرىپ:

— ئۇستازىم، بۇيرۇغان خىزمەتلىرىنى ئورۇنداپ، خاسىيەتلىك قازاننى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. موللا تابانىنىڭ ئۆلمەي سالامەت كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ئاچچىقى كېلىپ، تابانغا سوغۇققىنا قاراپتۇ ۋە ئاغزىنىڭ ئۇچىدا: «ھە، بارىكاللا» دەپ قويۇپتۇ. تابان مەيۈس ھالدا ماھاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ماھانغا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ماھان تابانغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بېرىپتۇ. بىر - ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ماھان تابان بىلەن بىرلىكتە مەكتەپكە بېرىپتۇ. موللا ئۆز قورسىقىدىكى مەككارلىقنى يوشۇرۇپ:

— ۋاي باللىرىم، كېلىڭلار، — دەپ ھاردۇق سوراپ، كۆرۈنۈشكە ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، موللا يەنە تاباننى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، ئۆتكەندە بۇيرۇغان خىزمەتنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنداپ كەلدىڭ. مەن كۆپ خۇرسەن بولۇپ ھەققىڭگە دۇئا قىلدىم. يەنە بىر خىزمەت چىقىپ قالدى. تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىر جاڭگاللىقتا ھەزرىتى سۇلايماندىن قالغان بىر دۇلدۇل بارمىش، ئۇ بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندە باسارمىش. شۇ دۇلدۇلنى قولۇمغا كەلتۈرسەم دەپ كېچە -

www.uyghurkitap.com

كۇندۇز ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاشۇ دولدۇلنى تۇتۇپ كېلىش سىزنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ. شۇ دولدۇلنى تۇتۇپ كەلسەڭ، ماڭا كۆپ دۇئا قىلسام، — دەپتۇ.


تابان ماقۇل بولۇپ قايتىپ چىقىپ، ماھاننىڭ قېشىغا كەپتۇ، ماھانغا موللىسى تاپشۇرغان ھېلىقى خىزمەتنى ئېيـتىپتۇ. ماھان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىچىدە موللىسىدىن ئاغرىنىپ، بۇنى نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇشكۇل ئىشلارنى ئورۇنداشقا ئەۋەتىدىغاندۇ؟ دەپ خاپا بوپتۇ، ئەمما چاندۇرماستىن، تابانغا:

— بۇ ئەھۋالنى دادامغا ئېيتىڭ. دادامنىڭ بىر خاسىيەتلىك كەمىرى بار، ئۇنى تەلەپ قىلىڭ، كۆچلۈك دېۋىدىن ئالتىنى ئۈزۈكمۇ گە ھەمراھ قىلىپ بىرگە ئېلىپ مېڭىڭ. تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، ئۇ دولدۇلنى ھېچقانداق كىشى قولغا چۈشۈرەلمىگەن. ئېيتىلىشىچە، ئاشۇ دولدۇل ياشايدىغان جاڭگالدىكى ئورمانلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر چوڭقۇر كۆل بارمىش. دولدۇل ھەر كۈنى چۈش بولغاندا شۇ كۆلگە سۇ ئىچكىلى كېلەرمىش. سىز بارغاندا ئاشۇ كۆلنىڭ بويىدا يوشۇرۇنۇپ



تۇرۇپ، دۇلدۇل كېلىپ سۇ ئىچكىلى تۇرغاندا چەبدەسلىك بىلەن كەمەرنى ئۇنىڭ بويىنىغا تاشلاڭ. كەمەر ئۇنىڭ بويىنىغا چۈشكەن ھامان كۈچەپ تارتسىڭىز، كەمەر دۇلدۇلنىڭ بويىنىنى سىقىدۇ، دۇلدۇل قاچالمايدۇ. ئاندىن دۇلدۇلغا قاراپ: «يا، ھەزرىتى سۇلايمان» دەپ چاقىرسىڭىز، دۇلدۇل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ شۈك تۇرىدۇ، ئاندىن دۇلدۇلغا مىنگەيسىز، دۇلدۇل سىزنى ئېلىپ كېلىدۇ، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

تابان پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ خاسىيەتلىك كەمەرنى بېرىپتۇ ۋە كۈچلۈك دىۋىدىن ئالتىنى تاللاپ تابانغا قوشۇپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. بۇلار بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، ھېرىپ - چارچاپ جاڭگالغا كەپتۇ. جاڭگالدىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ماڭا - ماڭا بىر يەرگە كەلگەندە كۆل كۆرۈنۈپتۇ. بۇلار كۆلنىڭ قېشىغا كېلىپ دەرەخنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ. دەل چۈش ۋاقتى بولغاندا، كېلىشكەن، چىرايلىق، قاۋۇل دۇلدۇل قىبلە تەرەپتىن چىقىپ كېلىپ كۆلنىڭ بويىدا توختاپتۇ. دۇلدۇل سۇ ئىچكىلى تۇرۇپتىكەن، تابان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، چەبدەسلىك بىلەن كەمەرنى تاشلىغانىكەن، كەمەر دۇلدۇلنىڭ بويىنىغا چۈشۈپتۇ. تابان كەمەرنىڭ



بىر ئۇچىنى راسا كۆچەپ تارتقانىكەن، دۇلدۇلنىڭ بوينىنى چىڭ سىقىپتۇ. تابان شۇ ھامانلا: «يا، ھەزرىتى سۇلايمان» دەپ چاقىر-غانىكەن، دۇلدۇل بېشىنى تۆۋەن سىلىپ جىم تۇرۇپتۇ، تابان بىر سەكرەپلا دۇلدۇلغا مىنىپتۇ. دۇلدۇل تابانىنى ئۇستىگە ئېلىپ نىشان قىلغان تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. تابان دۇلدۇلنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇستازىنىڭ خىزمىتىنى ئورۇندىغىنىدىن خۇش بولۇپ، دۇلدۇلنى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ ۋە:

— سالام ئۇستازىم، تاپشۇرغان خىزمەتلىرىنى ئورۇنداپ دۇلدۇلنى ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ. تابانىنىڭ بۇ قېتىممۇ يەنە ئۆلمەي قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، موللىنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىپتۇ. ئاغزىنىڭ ئۇچىدا:

— خىزمەتنى ئوبدان ئورۇنداپسەن، ئاتخانىغا ئەكىرىپ قوي، — دەپتۇ.

تابان قايتىپ كېتىپتۇ. موللا تابانىنى يوقاتماي تۇرۇپ قىزنى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ياۋۇز نىيىتىدىن يانماپتۇ. ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە تابانىنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ھەقىقەتەن غەيرەتلىك، باتۇر يىگىت ئىكەنسەن، ھەر-قانداق خىزمەتنى ئورۇنداش سىنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىكەن. يەنە بىر خىزمەت بار، ئەمدى شۇ خىزمەتنىمۇ ئورۇنداپ كەلسەڭ، ساڭا دۇئا قىلسام. تارىخىي كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ھەزرىتى سۇلايمان زامانىسىدىن تارتىپ تا ھازىرغىچىلىك ياشاپ كەلگەن بىر كېيىك بارمىش، ئۇ كېيىك ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەنمىش. ھەزرىتى سۇلايمان ئۆز قولى بىلەن «ئىسمىئەزەم»نى يېزىپ، تۇ-مار قىلىپ كېيىكنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغانمىش، ئۇ تۇماردا قىرىق نەچچە تۈرلۈك خاسىيەت بار ئىمىش. مەن سەندىن كۆپ

خۇرسەن بولسام، ھەققىڭگە دۇئا قىلسام، شۇ كېيىكنىڭ بوي-
نىدىكى خاسىيەتلىك تۇمارنى ئەكېلىپ بەرسەڭ، — دەپتۇ.

تابان موللىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ ماھانىڭ قېشىغا كەپتۇ، ئەھۋالنى ماھانىغا ئېيتىپتۇ. ماھانىڭ تابانغا ئىچى ئاغرىپتۇ، موللىسىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بۇنداق مۇشكۇل خىزمەتنى تاپشۇرۇپ، خەتەرلىك ئىشقا بۇيرۇۋەرگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، بۇنىڭ تېگىدە بىر سىر بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ، ئىچىدە موللىسىغا نەپرەتلىنىپتۇ، ئەمما بۇ ئاق نى-يەتلىك قىز تابانغا بىلىندۇرمەپتۇ ۋە تابانغا:

— خەير، بوپتۇ. ئۇستازىڭنىڭ خىزمىتىگە مېڭىڭ. ئەمما، بۇداقى خىزمەت تېخىمۇ مۇشكۇل ئىكەن. ئۆزىڭىزگە ئون دى-ۋىنى ھەمراھ قىلىۋېلىڭ. تارىخنامىلەردە يېزىلىشىچە، ئۇ كېيىك ھەزرىتى سۇلايمان زامانىسىدا ئابىھايات سۈيىنى ئىچ-كەنلىكتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ھازىرغىچىلىك ياشاپ كەل-گەنمىش. ھەزرىتى سۇلايمان ئۇ كېيىكنىڭ بوينىغا «ئىسمىئە-زەم»نى پۈتۈپ، تۇمار قىلىپ ئېسىپ قويغانمىش. ئۇ كېيىك كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىر خەتەرلىك تاغ ئۈستىدە ياشايمىش، ھەزرىتى سۇلايمان ئۇنى شۇ يەرگە بەند قىلىۋەتكەنمىش. ئۇ كېيىك تۇرغان يەرگە ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتكەن ئەمەس-مىش. كىمكى شۇ خەتەرلىك تاغنىڭ ئۈستىگە چىقالىسا، ھەزرىتى سۇلايماننى شېپى كەلتۈرۈپ «ئىسمىئەزەم»نى ئون مەرتەم ئوقۇسا، كېيىك شۇ يەرگە ھازىر بولارمىش، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ.

تابان كۈچتۈڭگۈر پالۋان دىۋىدىن ئوننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ مېڭىپتۇ. ئون بەش كۈن يول يۈرۈپ، ئاخىر خەتەر-لىك تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. ھەر خىل چارىلەر بىلەن تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپتۇ. ماھانىڭ

ئېيتقىنى بويىچە ھەزرىتى سۇلايماننى ئىزدىتىپ كەلتۈرۈپ «ئىسمىئەزەم»نى ئۇن مەرتەم ئوقۇپتۇ. قارىسا، ئۆزى ئالدىدا بىر چوققىنىڭ ئۈستىدە بوينىغا تۇمار ئېسىلغان چۆرە ئايلىنىپ ھەيۋەتلىك بىر كېيىك تۇرغۇدەك. تابان كېيىكنىڭ ئالدىغا بېرىشىغا، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ. تابان دەرھال بوۋايغا سالام بېرىپ، ئەھۋالنى باشتىن ـ ئاخىرغىچىلىك ئېيتىپ بېرىپتۇ. بوۋاي ئوغۇلدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قوشۇمىسىنى بىر تۈرۈپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋېلىپ، تابانغا:

— سەن تۇمارنى ئىزدەپ كەلدىڭمۇ؟ ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە قەدىمى يەتكەن ئەمەس. سەن ئۇستازغا ئەقىدە قىلىپ، ئۇستازىڭنىڭ خىزمىتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بۇ خەتەرلىك جايغا كەپسەن، سېنىڭ ئەقىدەڭگە، ئاق نىيەتلىكىڭگە، غەيرىتىڭگە رەھمەت، — دەپتۇ ۋە بىرپەس جىم تۇرۇپ كېتىپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — سېنىڭ ئۇستازىڭ يامان نىيەت بىلەن ساڭا سۇيىقەست قىلىپ، سېنى خەتەرلىك يوللاردا ئۆلسۇن دەپ، ئادەمزاتنىڭ قەدىمى يەتمەيدىغان بۇنداق جايغا ئەۋەتىپتۇ. كىشىگە ئورا كولىغان كىشى، ئاۋۋال ئۆزى ئورىغا چۈشۈپ تۇرۇپ كولايدۇ. خەير، سۇيىقەست ئۆزىگە يانسۇن. «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولار» دېگەن گەپ بار. بېرىپتۇ، سەن ئىزدەپ كەلگەن تۇمارنى بېرەي، ئىچىنى ئېچىپ كۆرمە، ئاپىرىپ ئۇستازىڭنىڭ ئۆز قولىغا بەرگىن، ئۇستازىڭ ئۆزى ئاچسۇن.

بوۋاي تۇمارنى كېيىكنىڭ بوينىدىن ئېلىپ، بىر قۇتىغا سېلىپ تابانغا بېرىپتۇ. تابان بوۋايغا رەھمەت ئېيتىپ قايتىپتۇ. بوۋاينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچماستىن شۇ پېتىچە ئەكېلىپ موللىسىغا بېرىپتۇ. موللىسى قۇتىنى قولىغا ئېلىپ قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشىغىلا، قۇتىدـ

دىن «گۆر» قىلىپ بىر ئوت چىقىپلا موللىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ.

بۇ ئەھۋال پادىشاھ مارۇتقا ئاڭلىنىپتۇ. پادىشاھ موللىغا لەنەت ۋە نەپرەت ئوقۇپتۇ. تابانىنىڭ باتۇرلۇقىغا، سادىق، ئاق كۆڭۈللۈكىگە، ئەقىدە ـ ئىخلاسىغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ھەمدە تابانىنىڭ ئۆتمۈشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تابانىنى ئۆز دادىسىغا كۆرسىتىش قارارىغا كەپتۇ.

پادىشاھ مارۇت بىر كۈنى تابانىنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، سەن ئەسلىدە قۇتلۇقشاھ دېگەن پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىدىڭ. مەن قىزىمغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە چوڭ بولسۇن دېگەن خىيالدا، قىزىم بىلەن بىر كۈن بىر سائەتتە تۇغۇلغان ئوغۇل بالا بولسا ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ پەرىلەرنى بۇيرۇدۇم، پەرىلەر جاھاننى ئاختۇرۇپ سېنى ئېلىپ كەپتۇ. سەن قىزىم بىلەن بىر كۈن بىر سائەتتە تۇغۇلغانىكەنسەن. سېنى ئاسراپ ـ ئاۋايلاپ تەربىيىلىدۇق. چوڭ بولدۇڭ، ئوقۇپ ھەر خىل بىلىملەردىن خەۋەردار بولدۇڭ. ئەپسۇسكى، دىيانەتسىز قارا كۆڭۈل ئۇستازنىڭ سۇيىقەستىگىمۇ دۇچار بولدۇڭ. بەختىمىزگە يارىشا ئۆزۈڭنىڭ باتۇرلۇقى، ھوشيارلىقىڭ بىلەن يەنە ھايات قالدىڭ. ئەمدى سېنى ئۆز ئاتا ـ ئاناڭنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرۈش قارارىغا كەلدىم. ئۆز ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگىن، — دەپتۇ. تابان:

— دادا، ئۇنداق گەپنى قىلماڭ. سىزدىن باشقا يەنە دادام يوق، — دەپ تەسىرلىنىپ يىغلاپتۇ. پادىشاھ مارۇت:

— بۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇ سىرنى سەندىن ۋە باشقىلاردىن يوشۇرۇن تۇتۇپ كەلدىم. ئەمدى چوڭ بولدۇڭ، يېشىڭ يىگىرمىدىن ئاشتى، بېرىپ ئۆز داداڭ، ئۆز ئاناڭنى كۆرۈپ

كەلگىن، ـــ دەپتۇ.

سەپەرگە مېڭىش ۋاقتىدا ماھان بىلەن تاباننىڭ يې-بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماپتۇ. ماھان: «مەنمۇ تابان بىلەن بىرگە بارسام» دەپتۇ. تابانمۇ ماھاننىڭ بىرگە بېرىشىنى تەلەپ قىپتۇ. بۇلارنىڭ تەلىپى مارۇتقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ، ئۇلارغا نۇرغۇن پەرىزاتلارنى قوشۇپ داغدۇغا، ھەشەمەت بىلەن يولغا ساپتۇ. پادىشاھ مارۇت قۇتلۇقشاھقا ئۆتكەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مەكتۇپ يېزىپتۇ ھەم ئەپۇ سوراپ ئۆزرە بايان قىپتۇ. تاباننى ئېلىپ كەلگەن پەرىلەر يول باشلاپ مېڭىپتۇ. ئۇلار ئاخىر قۇتلۇقشاھنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قۇتلۇقشاھنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي قاپتۇ ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى باشلاپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ھەممە تەسىرلىنىپ يىغا ـ زار قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ماھان بىلەن تابان بۇ شەھەردە بىر ئاي تۇرۇپتۇ. قۇتلۇقشاھ ماھان بىلەن تاباننىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش ھەققىدە پادىشاھ مارۇتقا مەكتۇپ يوللاپتۇ. پادىشاھ مارۇت بۇنىڭغا جاۋابەن: «مېنىڭ نىيىتىممۇ ماھان بىلەن تاباننىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇش ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ مەسلىھىتىنى تامامەن ماقۇل كۆرىمەن» دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ قايتۇرۇپتۇ.

قۇتلۇقشاھ نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن تابان ۋە ماھاننى بىرگە ئېلىپ پادىشاھ مارۇتنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەپتۇ. قۇتلۇقشاھ كۆپ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر بوپتۇ. مارۇت قۇتلۇقشاھتىن تەكرار ئەپۇ سوراپتۇ. پادىشاھ مارۇت شەھەر خەلقىگە ناھايىتى كاتتا، داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ماھاننى تابانغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ. توينى



تۈگىتىپ ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندە، قۇتلۇقشاھ تابان بىلەن ماھاننى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ ھەمدە يۇرت ئەھلىگە كاتتا توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. تابان بىلەن ماھاننى ھەممە قۇتلۇقلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تابان بىلەن ماھان پا- دىشاھ مارۇتنىڭ قېشىدىمۇ، قۇتلۇقشاھنىڭ قېشىدىمۇ تۇرۇپ- تۇ. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. بەختكە قارشى قۇتلۇقشاھ ۋاپات بولۇپ كېتىپتۇ. يۇرت ئەھ- لى مەسلىھەتلىشىپ، تاباننى دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىپتۇ. تابان ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراپتۇ، خەلق ئاسايىش- لىقتا ئۆتۈپتۇ، يۇرت ئەھلى بۇنىڭدىن رازى بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# بېلىقچى بوۋاي بىلەن سۇ پەرىسى

بۇرۇنقى زاماندا بىر بېلىقچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇ بېلىق تۇتقىلى چىقسا، دائىم تورغا بىر جۈپ بېلىق چىقىدىكەن، ئۇ بېلىقلارنىڭ بىرىنى مومىيى بىلەن ئىككىسى پىشۇرۇپ يېسە، يەنە بىرىنى سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن.

بىر كۈنى بوۋاي دەريا بويىغا بېرىپ ئادىتى بويىچە دەرياغا تور تاشلاپتۇ، ئەمما تورغا ھېچ نەرسە چىقماپتۇ. ئۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم تور تاشلاپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا تورغا بىر تال ئالتۇنبېلىق ئىلىشىپ چىقىپتۇ. بوۋاي بېلىقنى قولىغا ئېلىشىغا، توساتتىن بېلىققا زۇۋان كىرىپ:

— ئەي بوۋاي، ماڭا رەھىم قىلىپ مېنى قويۇۋەتسەڭ، مەن سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتىم، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋاينىڭ بېلىققا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى دېڭىزغا قويۇۋېتىپتۇ.

بوۋاي ئەتىسى يەنە دېڭىز بويىغا بېرىپ تور سالغانىكەن، يەنە ھېلىقى ئالتۇنبېلىق تورغا چۈشۈپتۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇ بوۋايغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ. بوۋاي بېلىقنى يەنە قويۇۋېتىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بوۋاينىڭ تورىغا يەنە شۇ ئالتۇنبېلىق چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا بوۋاي بېلىققا:

— ئەي بېلىق، ئۈچ كۈندىن بېرى مەن سېنى قويۇۋەتكەچ-



كه، موميىم بىلەن ئىككىمىز ئاچ قالدۇق، بۇگۇن سىنى ھەر-
گىز قويۇۋەتمەيمەن، — دەپتۇ.

— مەن مۇشۇ دېڭىزدىكى بېلىقلارنىڭ پادشاھى بولى-
مەن، — دەپتۇ ئالتۇنبېلىق، — مېنىڭ كۇندە بىر قېتىم
سۇ يۇزىگە چىقىپ سەيلە قىلىدىغان ئادىتىم بار ئىدى، ئەمما
ئۇچ كۇندىن بۇيان ھەر كۇنى سېنىڭ تورۇڭغا چۇشۇپ قې-
لىۋاتىمەن. ئەگەر سەن مېنى بۇگۇنمۇ قويۇۋەتسەڭ، مەن سې-
نى مۇرادىڭغا يەتكۇزەر ئىدىم.

بوۋاي بېلىقنى قويۇۋېتىپتۇ. بېلىق ئۇنى ئۆزىنىڭ ئور-
دىسىغا تەكلىپ قىپتۇ، بوۋاي بېلىقنىڭ كەينىدىن دېڭىزغا
چۇشۇپتۇ. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنى تاملىرى مەرمەردىن قوپۇرۇل-
غان ھەشەمەتلىك بىر ئوردا ئىچىدە كۆرۇپتۇ. پۇتۇن ئەتراپ
ئالتۇن - كۇمۇش، گۆھەر - سەدەپلەر بىلەن زىننەتلەنگەن،
ئالتۇن كۇرسىلارغا ياقۇت كۆزلەر ئورنىتىلغانىمىش. بوۋاي ئو-
ڭىدا تۇگۇل چۇشىدىمۇ كۆرۇپ باقمىغان بۇ نەرسىلەرگە تويى-

www.uyghurkitap.com

ماي قاراپ تاماشا قىپتۇ. بىر چاغدا بىلىق پادىشاھ:

— ئەي بوۋاي، بۇ مېنىڭ ئوردام بولىدۇ، بۇ يەردە ھەممە نەرسە بار، نېمىنى خالىساڭ تارتىنماي دېگىن، مەن سېنى رازى قىلاي، — دەپتۇ.

— نېمە بەرسەڭ مەيلى، — دەپتۇ بوۋاي.

— ئۇنداق بولسا، مەندە بىر ساندۇق بار. ئۇنىڭ ئىچىدە سۇ پەرىسى دەپ ئاتىلىدىغان، بىلىمى، ئادەمگە بولالايدىغان، ئەقىل - پاراسەت، ھۆسن - جامالدا يەر يۈزىدە تەڭدىشى يوق بىر قىز بار. مەن شۇ ساندۇقنى ساڭا بېرەي، سەن ئۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش غېمىدىن خالاس بولىسەن. ئەمما، سەن يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن چوقۇم ساندۇقتىكى قىزنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش تۇتۇشۇڭ كېرەك، — دەپتۇ بىلىق پادىشاھ.

بىلىق پادىشاھ بوۋايغا يەنە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشنى سوۋغات قىلىپ، ئۇنى يەر يۈزىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. بوۋاي يەر يۈزىگە چىققاندىن كېيىن، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. قارىسا، ساندۇق ئىچىدىن ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز چىقىپتۇ. بوۋاي قىزنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىغا قاراپ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئۇ ئەگەر مەن ياش يىگىت چېغىمدا بۇ قىز ماڭا ئۇچرىغان بولسا، مەن بۇنى ئۆز ئەمرىمگە ئالغان بولاتتىم. مەن ھازىر يىگىت ھالىتىمگە قايتىپ قالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

— ئەي سۇ پەرىسى، — دەپتۇ بوۋاي، — بىلىق پادىشاھ سىزنى ۋە بۇ دۇنيادەپىنىلەرنى ماڭا ھەدىيە قىلدى. ئەگەر مەن ياش بولغان بولسام، سىزنى ئۆز ئەمرىمگە ئېلىپ، خۇشال - خۇرام، بەختلىك ئۆمۈر ئۆتكۈزگەن بولاتتىم. بىراق، مەن ياشىنىپ، بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن، ئۇنىڭ

ئۇستىگە، مېنىڭ بىر ياشانغان ئايالىم بار. مۇنداق ئەھۋالدا سىزنى ئېلىپ شەھەرگە بارسام، سىزگە باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشىدۇ، ئۇلار سىزنى مال ـ دۇنيالىرىم بىلەن بىللە بۇلاپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟

— ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، مېنىڭ بىر ياخشى مەسلىھەتىم بار، — دەپتۇ سۇ پەرىسى.

— قېنى، سۆزلەپ بېقىڭ، — دەپتۇ بوۋاي.

— مەن ياشنى قېرى، قېرىنى ياش قىلالايمەن. مەن سىزنى ياش يىگىت ھالىتىڭىزگە قايتۇراي، ئاندىن بىز ئۆيىڭىزگە كېتەيلى. يولدا بىرەرى ئۇچراپ قالسىمۇ، ماڭا يامان كۆزدە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۆيگە بارغاندىن كېيىن، مەن ئۇمۇر بويى موماي ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاي، — دەپتۇ سۇ پەرىسى.

— ئۇنداق بولسا، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، — دەپتۇ بوۋاي ئالدىراپ.

— لېكىن، بىر شەرتىم بار. مەن بىلەن توي قىلىشنى تەلەپ قىلمايسىز، موميىڭىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيسىز، — دەپتۇ سۇ پەرىسى.

بوۋاي ئەگەر ياش ھالىتىگە كەلسىلا ئۆزىنىڭ موميىنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقى ۋە سۇ پەرىسىگە توي قىلىش تەكلىپى قويمايدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ پەرىسى بوۋايغا: «كۆزىڭىزنى يۇمۇڭ» دېگەنىكەن، بوۋاي كۆزىنى يۇمۇپتۇ. سۇ پەرىسى بىر ئوچۇم سۇنى بوۋايغا چېچىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن بوۋايىنىڭ بەدىنى ئاستا ـ ئاستا قىچىشقاندەك، پەيلىرى تارتىشقاندەك بولۇپ، بەدەنلىرى قىزىپ، چىڭىپتۇ. بىر چاغدا بوۋاي كۆزىنى ئېچىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ مۇكچەيگەن بەللىرى تۈزلىنىپ، يۈز ـ كۆزلىرىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قورۇقلار يوقىلىپ، ساقال - بۇرۇتلىرى قارىيىپ، ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغۇدەك... ئىشقىلىپ، بوۋاي بىر-دەمدىلا خۇددى يىگىرمە بەش ياشلاردىكى بىر نەۋقىران يى-گىتكە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولۇپ قىزغا قاراپتۇ، قىز ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىق ۋە يېقىملىق كۆرۈنۈپتۇ، يۈرىكىدە قىزغا چوڭقۇر ئىشق - مۇھەببەت پەيدا بوپتۇ. بېلىقچى بوۋاي قىزغا باياتىن بەرگەن ۋەدىسىنى ئېسىگە كېلىپ، قىزغا ھېچ نەرسىنى سەز-دۈرمەي، ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيىگە بېرىپتۇ. موماي ئېرىنى پەقەتلا تونۇيالماپتۇ. بېلىقچى بوۋاي ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋە-قەلەرنى مومىيىغا سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، موماي ئېرىگە سەپسېلىپ قارىسا، راستتىنلا ئۇنىڭ ياش ۋاقتىغا بەكمۇ ئوخشايمىش. موماي ئېرىنىڭ نۇرغۇن مال - دۇنيا ۋە بىر خىزمەتچى قىز ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال بوپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. قىز ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىپتۇ. بېلىقچى بوۋاي ھەشەمەت- لىك ئايۋان - ساراي، گۈزەل باغ ياسىتىپتۇ. پات ئارىدىلا بۇ يېڭى باينىڭ نام - شۆھرىتى ۋە سۇ پەرىسىنىڭ داڭقى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ.

بىراق، بېلىقچى بوۋاينىڭ سۇ پەرىسىگە بولغان ئىشتىيا- قى بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ، سۇ پەرىسىنى ئۆز ئەمرىگە ئې- لىش بېلىقچى بوۋاينىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بولۇپ قاپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى ئۇ سۇ پەرىسىگە:

— ئىككىمىز توي قىلساق، قانداق؟ — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇ پەرىسىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەي بېلىقچى، پادىشاھىمىز ساڭا مېنى ۋە نۇرغۇن مال - دۇنيانى ھەدىيە قىلىپ، سېنى بىردەمدىلا كاتتا بايغا ئايلاندۇردى. باشقىلارنىڭ بوزەك قىلماسلىقى ئۈچۈن مەن سې- نى ياش يىگىتكە ئايلاندۇردۇم ۋە سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلىپ كەلدىم. مۇشۇ كۈنلىرىڭگە شۈكۈر قىلمامسەن؟! ئەگەر سەن ۋەدەڭدە تۇرماي، بۇ سۆزنى ئىككىنچى تەكرارلىساڭ، مەن سېنى ئەسلىي ھالىتىڭگە كەلتۈرۈپ قويۇپ، بېلىق پادىشاھ- نىڭ قېشىغا كېتىمەن، — دەپتۇ.

بۇ سۆز بىلەن بېلىقچى بوۋاي بىرئاز پەسكويغا چۈ- شۈپتۇ. ئەمما، سۇ پەرىسى ئۇنىڭ كۆزىگە كۈندىن - كۈنگە چىرايلىق كۆرۈنۈپ، موماي بولسا بارغانسېرى سەت، تېخىمۇ قېرى كۆرۈنۈشكە باشلاپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى موماي ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بوپتۇ. بوۋاي كۆڭلىدىكى خۇشاللىقىنى چاندۇرماي، يالغان يىغلاپتۇ. سۇ پەرىسى بوۋاينىڭ قەدىناسى- دىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنىڭغا تەسەللى

بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مومايىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىپتۇ. بوۋاي مومايىنىڭ قىرىقى ۋە يىلى نەزىرلىرىنى ناھايىتى چوڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بۇ كۈنلەردە بوۋاي ئۆزىنى سۇ پەرىسىنىڭ ئالدىدا تولىمۇ بىچارە ھالەتتە كۆرسىتىپتۇ. ھەممە ئىشلار بىسىققاندىن كېيىن، بىر كۈنى بوۋاي سۇ پەردىسىگە توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. بۇ قېتىم سۇ پەرىسى بىرھازا ئويلىنىپ كېتىپ، ئاخىر ماقۇل بوپتۇ.

بىر كۈنى بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئوۋغا چىقىپتۇ. ئۇلار بىلىقچى بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، پادىشاھنىڭ قولىدىكى قارچىغىسى بوۋاينىڭ ھويلىسىغا ئۇچۇپتۇ. پادىشاھ قارچىغىنى ئېلىپ كېلىشكە ۋەزىرىنى ئەۋەتىپتۇ. ۋەزىر بوۋاينىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا ئۆيدىن سۇ پەرىسى چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ. ۋەزىر قىزنىڭ بوي - تۇرقى ۋە چىراي - شەكلىگە بىر قۇر قارىغاندىن كېيىن، قارچىغىنى ئېلىپ كەينىگە يېنىپتۇ. ئۇ دەرھال پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھېلى كۆرگەن ساھىبجامالنىڭ تەرىپىنى قىلىپ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋەزىرىگە:

— سەن بېرىپ ئۇ نازىنىننى دەرھال ئېلىپ كەل، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ۋەزىر بېرىپ بىلىقچى بوۋاينىڭ ئىشىكىنى چەككەنىكەن، بوۋاي چىقىپ ۋەزىرنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۆيگە باشلاپتۇ. ۋەزىر بوۋاينىڭ ھەشەمەتلىك ئايۋان - ساراي، باغلىرىنى كۆرۈپ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ.

— مەن پادىشاھنىڭ ۋەزىرى بولىمەن. پادىشاھ مېنى بۇ ئۆيدىكى قىزغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، — دەپتۇ ۋەزىر.

— بۇ ئۆيدىكى قىز مېنىڭ خوتۇنۇم بولىدۇ. پادىشاھ بۇ

نىيىتىدىن يانسۇن. مەن بايلىق جەھەتتە پادىشاھتىن قېلىشمايمەن، پادىشاھقىمۇ ھەرگىز ھاجىتىم چۈشمەيدۇ، — دەپتۇ بېلىقچى بوۋاي.

بۇ گەپلەرنى ۋەزىر ئېقىتماي- تېمىتماي پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ:

— ئەي ياخشىسى، ھېلىقى ئادەمنى مېھمانغا چاقىرايلى، يەپ- ئىچىپ راسا قىزىغاندا ئۇنىڭغا مۆكۈشمەك ئويناش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسىلە، قايسىمىز تاپالمىساق، شۇنىڭ خوتۇنى ۋە مال- مۈلكى ئۇتتۇۋالغان تەرەپنىڭ بولىدۇ، دەپ شەرت قويسىلا. ئۇ ياخشىلىقچە ماقۇل دېسە، مەن سىلىنى سېھىر ئىشلىتىپ، ھېچكىم تاپالمايدىغان جايغا يوشۇرۇپ قويىمەن. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە مال- مۈلكى شەكسىز سىلىنىڭ بولىدۇ. ئەگەر مۆكۈشمەك ئويناشقا ئۇنىمىسا، بىز ئۇنى زورلۇق كۈچى بىلەن ھامان ماقۇل دېگۈزىمىز، — دەپتۇ.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھقىمۇ يېقىپتۇ. ئەتىسى ۋەزىر بېلىقچى بوۋاينى چاقىرغىلى كەپتۇ. سۇ پەرىسى ئەھۋالنىڭ يامانلاشقانلىقىنى سېزىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېلىقچى بوۋاي بىلەن بىللە بېرىپتۇ. پادىشاھ قىزنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئۇ قىزغا ئاشىق شەيدا بولۇپ، ھوشىنى يوقىتىپلا قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ كۈنى كەچكىچە نازۇنېمەتلەر بىلەن ئۇلارنى مېھمان قىپتۇ. كەچ كىرگەندە، بېلىقچى بوۋايغا مۆكۈشمەك ئويناش تەكلىپىنى قويۇپتۇ ۋە ھېلىقى شەرتنى دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇ پەرىسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەگەر ئاشۇنداق شەرت بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىماقچى بولساڭلار، ئالدى بىلەن پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى گۇۋاھ قىلىڭلار ھەم ئۇلار بۇ ئويۇننى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرسۇن، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ كۆپچىلىك ئالدىدا بېلىقچى بوۋاي بىلەن تىلخەت يېزىشىپتۇ. پادىشاھ بىرىنچى بولۇپ كۆرۈپتۇ. سۇ پەرىسى بېلىقچى بوۋايغا:

— پادىشاھنىڭ ئۆيىنىڭ تېمىغا بىر ئالتۇن توقماق بىيۇ-لەكلىك تۇرىدۇ. سىز ئۇنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىڭ. ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مەرمەردىن ياسالغان بىر تۈۋرۈك بار. توقماق بىلەن تۈۋرۈكنى كۈچىڭىزنىڭ بارىچە بىرنى ئۇرسىڭىز، پادىشاھ تۈۋرۈكنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېلىقچى بوۋاي سۇ پەرىسىنىڭ دېگىنى بويىچە پادىشاھنى تېپىۋاپتۇ. ئەمدى مۆكۈش نۆۋىتى بېلىقچى بوۋايغا كەپتۇ. سۇ پەرىسى بوۋاينى دەرھال سۇغا ئايلاندۇرۇپ ئىچىۋاپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىردىن مەسلىھەت سوراپتۇ. ۋەزىر ھەرقانداق قىلىپمۇ بېلىقچى بوۋاينىڭ نەدىلىكىنى زادى بىلەلمەپتۇ. پادىشاھ ئوردىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ئىزدەپ بوۋاينى ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ يېڭىلىپتۇ. لېكىن، ئۇ ۋەدىسىدە تۇرماي، ئۈچ قېتىمدىن مۆكۈشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۈچىلا قېتىمدا بوۋاي پادىشاھنى تېپىۋاپتۇ، پادىشاھ بوۋاينى پەقەت تاپالماپتۇ.

ئاخىر تىلخەت بويىچە پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى، مال-مۈلكى ۋە تاجۇ تەختى بېلىقچى بوۋايغا مەنسۇپ بوپتۇ. بېلىقچى بوۋاي سۇ پەرىسىدىن:

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز پادىشاھلىق ئورنىدا ئولتۇرسىز، مەن سىزگە مەسلىھەت بېرىپ يول كۆرسىتىمەن. پادىشاھتىن قالغان قىرىق خوتۇنغا كەلسەك، سىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ ئۆيىدە بىر كۈندىن تۇرىسىز، قىرىق بىرىنچى كۈنى مېنىڭ قېشىمغا

كىرىسىز، — دەپتۇ سۇ پەرىسى.

شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ھەر كۈنى كەچتە يېڭى خوتۇنلىرىنىڭ بىرى بىلەن بىللە بوپتۇ، ئۈچ ئايغىچە سۇ پەرىسىگە قاراپمۇ قويماپتۇ. بىر كۈنى سۇ پەرىسى بوۋايغا:

— ئەي كەرەملىك پادىشاھىئالەم، سىز مېنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دېگەنىكەن، يېڭى پادىشاھ سۇ پەرىسىگە غەزەپ بىلەن بىر قاراپتۇ ـ دە:

— مەن كىم، سەن كىم؟ ئەمدى ماڭا ئاقساقاللىق قىلىۋەرمە! نۆكەر، بۇ خوتۇننى دەرھال ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ. نۆكەرلەر سۇ پەرىسىنى ئوردىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. بېلىقچى بوۋاينىڭ ئۆزگىرىپ مۇشۇ ھالغا كەلگەنلىكىگە ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن سۇ پەرىسى ئاخشىمى تۇيدۇرماي ئوردىغا كىرىپ، يېڭى پادىشاھنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن ياتقان يېرىگە بېرىپتۇ ۋە ئەپسۇن ئوقۇپ، پادىشاھنى ئەسلىدىكى قېرى بېلىقچى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپ، بېلىق پادىشاھنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ. پادىشاھ ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسا، ساقال ـ بۇرۇتلىرى قاردەك ئاقارغان، بېلى مۈكچەيگەن، ئەسلىدىكى قېرى بوۋاي ھالىتىگە كېلىپ قالغان. يېڭى خوتۇنلىرى بۇ ناتونۇش قېرىنى كۆرۈپ قورقۇپ، قىيا ـ چىيا قىلىشىپتۇ. شۇ چاغدا نۆكەرلەر كىرىپ، بېلىقچى بوۋاينىڭ: «مەن پادىشاھ» دېگىنىگە قۇلاقمۇ سالماي ھالىدىن كەتكۈچە ئۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بېلىقچى بوۋاي مال ـ دۇنيا ۋە سۇ پەرىسىگە شۈكۈر قىلماي، ئاقىۋەت مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

# ئورشاي

زامانىنىڭ زامانىسىدا كاتتا بىر يۇرتتا ئىككى كۆزى كور-مەيدىغان بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇ بالىلىرىنىڭ رەڭگى، بوي-تۇرقىنى بىلمەيدى-كەن، پەقەت بالىلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ چوڭى، قايسىسىنىڭ ئوتتۇرانچىسى، قايسىسىنىڭ كەنجىسى ئىكەنلىكىنى ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزىدىنلا پەرق ئېتىدىكەن.

بالىلار كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. پادىشاھ ئوغۇللىرىنى مەكتەپكە بەرمەي، داموللا چاقىرىپ ئوردا ئىچىدە ئوقۇتۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پەيشەنبە كۈنىدىكى دەم ئېلىشتا، پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى:

— دادا، مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم، سىزنىڭ بارلىقىڭىزدا سودا-سېتىق ئىشلىرىنى ئۆگەنسەم دەيمەن، — دەپ دادىسىغا ئىلتىماس قىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ بۇ گېپىگە بەكمۇ خۇشال بولۇپ، خەزىنىچىگە مىڭ تىللا ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. خەزىنىچى دەرھال مىڭ تىللانى ئەكىلىپ پادىشاھنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھ مىڭ تىللانى ئوغلىغا بېرىۋېتىپ:

— ئوغلۇم، سوداڭ بەرىكەت تاپسۇن، — دەپتۇ. چوڭ شاھزادە تىللانى ئېلىپ، ئۆز ھوجرىسىغا كىرىپ شاھزادىلەر-

چە كىيىنىپ، ئۆزىنىڭ يورغا ئېتىنى مىنىپ: «رەبىبىم» دەپ بازارغا مېڭىپتۇ، شەھەرنىڭ پۈتۈن كوچىلىرىنى كەچ كىر-گۈچە ئايلىنىپتۇ، دېتىغا ياققۇدەك ھېچ نەرسە ئۇچرىتالماپتۇ، ئاخىر كەچ بولۇپ قالدى، دادام ئەنسىرەپ قالمىسۇن، دېگەن خىيال بىلەن ئوردا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتسا، بىر تار كوچى-نىڭ ئىچىدە كىچىك بالىلار ئىت تالاشتۇرۇپ ئويناۋاتقۇدەك. چوڭ شاھزادە بۇ ئويۇنغا قىزىقىپ قېلىپ توپنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. بالىلار ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان شاھزادىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە شاھزادىگە:

— ئاتتىن چۈشۈڭ، بىللە ئوينايمىز، — دەپتۇ. شاھزا-دىگە بۇ سۆز خۇشىيېقىپتۇ. ئەتىگەندىن بېرى بازار چۆرگىلەپ زېرىكىپ كەتكەن شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ، بالىلار بىلەن ئو-يۇنغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ، يەر - زې-مىننى قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇ. شاھزادە قايتماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ بىر بالىنىڭ بىر كۈچۈكنى كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— كۈچۈكۈڭنى ماڭا بەرگىن، مەن يانچۇقۇمدىكى تىللا-نىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، — دەپتۇ. شاھزادىنىڭ بۇ سۆزى بالىغا موك يېقىپ، كۈچۈكنى شاھزادىگە بېرىپتۇ. شاھزادە يانچۇقىدىكى تىللانىڭ ھەممىسىنى بالىنىڭ چاڭگى-لىغا تاشلاپتۇ، بۇنى كۆرگەن بالىلارنىڭ تارلىقى كەپتۇ. تىللا ئالغان بالا ئۆيىگە يۈگۈرۈپتۇ. چوڭ شاھزادە ئۆزىنىڭ قىلغان سودىسىدىن خۇشال بولۇپ ئوردىغا يېنىپ كەپتۇ. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپلا ئۇدۇل دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام بېرىپتۇ.

— بالام، نېمانچىلا كەچ قالدىڭ؟ بۈگۈنكى سوداڭ قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. چوڭ شاھزادە:

— دادا، مەن بۈگۈن ئىنتايىن ياخشى سودا قىلىپ كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دىم، — دەپ كۆچۈكنى دادىسىنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. دادىسى ئوغلى بەرگەن نەرسىنى باشتىن - ئاياغ سىلاپ چىقىپ:

— بالام، بۇ كۈچۈكقۇ، قانچە پۇلغا ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە دادىسىغا:

— ئۆزۈڭ بەرگەن مىڭ تىللاغا ئالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بالىسىغا ئارتۇق گەپ - سۆز قىلماي:

— بوپتۇ، بالام، قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ، ھۇجراڭغا كىرىپ ئۇخلا، — دەپتۇ. شاھزادە ئاستا دادىسىنىڭ قولىدىن كۈچۈكنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپتۇ. بۇ پەيشەنبىمۇ پادىشاھ ئوغۇللىرى بىلەن ئەتىگەنلىك چايدا بىللە بوپتۇ. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوتتۇرانچى ئوغلى دادىسىغا:

— دادا، ئالدىنقى ھەپتە ئاكام بازارغا سودىلىقِقا بېرىپ كەلدى. بۈگۈن ماڭىمۇ مىڭ تىللا بەرسەڭ، مەنمۇ بىر قېتىم سودا قىلىپ باقسام، — دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

پادشاھ ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭمۇ رايىنى ياندۇرماي، خەزىنىچىگە مىڭ تىللا ئاچىقتۇرۇپ، ئوغلىغا:

— مانا، ئوغلۇم، سوداڭغا ئاللا بەرىكەت بەرسۇن، — دەپتۇ - دە، تىللانى ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، بازارغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇمۇ خۇددى ئاكىسىغا ئوخشاش شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ چىقىپتۇ. سېتىۋالغۇدەك نەرسە ئۇچرىتالماي، ئوردىغا قايتىش خىيالى بىلەن ئاكىسى ماڭغان ھېلىقى تار كوچىغا كىرىپ قاپتۇ. ئۇمۇ ئاكىسى يولۇققان بىر توپ باللارغا يولۇقۇپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا قارىسا، ئۇلار ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناپ چۇقان سېلىشىپ، پۇتۇن كوچىنى بېشىغا كىيىۋاتقان. ئۇ، باللارنىڭ ئارىسىدا ئاسلان تۇتۇپ تۇرغان بىر بالىنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئۇنىڭ قېشىغا كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئاسلاننى ساتامسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالىمەن دېسەڭ ساتىمەن، — دەپتۇ بالا.

— قانچە پۇلغا ساتىسەن؟ دېگىنىڭنى بېرىمەن، — دەپتۇ شاھزادە.

— مىڭ تىللا، — دەپتۇ بالا چاقچاق ئورنىدىلا. شاھزادە مىڭ تىللانى چىقىرىپ بالىغا بېرىپتۇ ۋە ئاسلاننى ئېلىپ ئېتىغا مىنىپتۇ - دە، ئۇدۇل ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇ ئوردىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپلا دادىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ سالام بېرىپتۇ.

— ئوغلۇم، كەلدىڭمۇ؟ سەنمۇ ئاكاڭغا ئوخشاشلا كەچ قالدىڭغۇ؟ سوداڭ قانداقراق؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. شاھزادە:

— مانا، دادا، مېنىڭ سېتىۋالغىنىم، — دەپ ئاسلاننى

دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. پادىشاھ سوراپ قارىسا، ئاسلان ئىكەن.

— ئوغلۇم، بۇ ئاسلانغۇ؟ قانچە تىللاغا ئالدىڭغۇ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. شاھزادىمۇ ئاكىسىدەك:

— سەن بەرگەن تىللانىڭ ھەممىسىگە، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— بوپتۇ، ئوغلۇم، ئەمدى بېرىپ تامىقىڭنى يەپ، ئۇخلىغىن، — دەپتۇ. شاھزادە ئاسلاننى دادىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ پادىشاھ ئوغۇللىرى بىلەن چايدا بىللە بولغاندا، پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دادا، ئىككى ئاكام ئىككى پەيشەنبە بازارغا چىقىپ سودا قىلىپ كەلدى. ئەمدى بۇ پەيشەنبە ماڭا نۆۋەت كەلدى. ماڭىمۇ مىڭ تىللا بەرگىن، مەنمۇ بازارغا چىقىپ سودا قىلىپ كېلىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ كەنجى ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، ئۆزۈڭ كۆردۈڭ، چوڭ ئاكاڭ چىقىپ مىڭ تىللاغا بىر كۈچۈكنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئوتتۇرانچى ئاكاڭ چىقىپ مىڭ تىللاغا بىر ئاسلاننى كۆتۈرۈپ كەپتۇ، ئەمدى سەن سودىغا چىقىپ، مىڭ تىللاغا چاشقان كۆتۈرۈپ كېلەرسەن ھەرقاچان. سەن تېخى كىچىك، يەنە بىر ئاز چوڭ بولغىن، — دەپتۇ. بىراق، كەنجى ئوغۇل:

— ئۇلار ئوغلۇڭ، مەن ئوغلۇڭ ئەمەسمۇ؟ مەيلى چاشقان ئەكېلەي، مەيلى توشقان ئەكېلەي، بۇ مېنىڭ ئىشىم. ماڭىمۇ مىڭ تىللا بېرىسەن، ئەگەر بەرمىسەڭ، ھازىردىن باشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ئامالسىز خەزىنىسىدىن مىڭ تىللا ئالدۇرۇپ كەنجى ئوغلىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

www.uyghurkitap.com

— بوپتۇ، سەنمۇ سودا قىلىپ باق، خۇدايىم سوداڭغا بەرىكەت بەرسۇن، — دەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل دادىسىدىن رازى بولۇپ ھۇجرىسىدىن چىقىپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق كىيىنىپ، ئېتىغا مىنىپ بازارغا قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، بىر قەبرىستانلىققا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، قەبرىستانلىقتا ئالتە ئادەم بىر بولۇپ بىر ئۆلۈكنى ھە دەپ كالتەك بىلەن ئۇرۇۋاتقۇدەك. شاھزادە دەررۇ ئېتىدىن چۈشۈپ ھېلىقى ئادەملەرنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئاكىلار، سىلەر نېمىشقا ئۆلگەن ئادەمنى ئۇرىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىماي، بېرىپ ئويۇنۇڭنى ئوينا، — دەپ ۋارقىراپتۇ. كالتەك بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان ئۆلۈككە ئىچى ئاغرىغان شاھزادە ئۇلارغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئاكىلار، مەن كىچىك بولساممۇ ئادەمغۇ، سەۋەبىنى ئېيتىپ بەرسەڭلار، مەن بىر ئاڭلاپ باقسام، — دەپتۇ. ئاردىن بىرى:

— بۇنىڭدا مۇشۇ تۇرغان ئالتىمىزنىڭ ئۈچ مىڭ تىللا ئېلىشىمىز بار ئىدى. شۇ قەرزنى بېرىش ئېغىر كېلىپ ئاخشام ئۆلۈۋاپتۇ. ئەنە شۇ ھەققىمىزنىڭ بەدىلىگە بىز بۇنى ئۇرۇۋاتىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۇلارغا:

— بولدى، ئاكىلار، ئۆلۈكنى ئۇرماڭلار، سىلەرگە پۇلنى ھازىر ئەكېلىپ بېرىمەن، — دەپ ئۇلارنى ئۇرۇشتىن توختىتىپ قويۇپ، ئېتىغا مىنىپ ئۇدۇل ئوردىغا كېلىپ، خەزىنىچىنى تېپىپ كۆرگەنلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۈچ مىڭ تىللا بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سوراپتۇ. خەزىنىچى باشتا: «پادىشاھ ئۇقۇپ قالسا مېنى جازالايدۇ» دەپ ئۇنىماپتۇ. شاھزادە خەزىنىچىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەك يالۋۇرۇپ:

— دادامغا جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ھارىسىمۇ دادامغا ئۇقتۇرماڭ، — دەپتۇ. خەزىنىچى شاھزادىنىڭ رايىغا بېقىپ خەزىنىدىن ئۈچ مىڭ تىللانى ئاچىقىپ بېرىپتۇ. شاھزادە خۇشال ھالدا ئاتقا مىنىپ، يەنە ھېلىقى قەبرىستانلىققا قاراپ چېپىپتۇ. قارىسا، ھېلىقى ئالتە ئادەم شاھزادىنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. شاھزادە ئۈچ مىڭ تىللانى بېرىپ ئۇلارنى يولغا سايتۇ. ئۆزى بولسا، شۇ يەردىن بازارغا بېرىپ تۆت ماتا ئېلىپ، مەسچىتكە بېرىپ ئاخۇنۇم ۋە مەسچىت جامائىتىنى باشلاپ قەبرىستانلىققا كەپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۆلۈكنى كۆرسىتىپ، باشقىدىن نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇشنى سوراپتۇ. جامائەت شاھزادىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆلۈكنى يۇيۇپ — تاراپ، باشقىدىن كېپەنلىككە ئېلىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇپتۇ. شاھزادە يانچۇقىدا قالغان تىللالارنى ئاشۇ نامازغا قاتناشقانلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن دۇئاسىنى ئېلىپ، خۇپتەن بىلەن ئوردىغا كېلىپلا ئۇدۇل دادىسىنىڭ ئالدىغا كىلىپ سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئوغلۇم، قېنى سەن قانداق سودا قىلىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە:

— دادا، مەن ئوردىدىن چىقىپ پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلاندىم. مەن كىرمىگەن كوچا قالمىدى، ئاخىر بېرىپ بىر قەبرىستانلىققا كىرىپ قاپتىمەن. قەبرىستانلىقتا ئالتە ئادەم بىر بولۇپ بىر ئۆلۈكنى كالتەك بىلەن ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئۇلاردىن: «ئۆلۈكنى نېمىشقا ئۇرىسىلەر؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «بىزنىڭ بۇنىڭدا ئۈچ مىڭ تىللا ئېلىشىمىز بار ئىدى، شۇ قەرزنى بېرىشنى ئېغىر كۆرۈپ ئاخشام ئۆ-

لۇۋاپتۇ، شۇڭلاشقا ئۇرۇۋاتىمىز» دەيدۇ. مەن ئۇلارنى ئۆلۈكنى ئۇرۇشتىن توختىتىپ، سىزدىن بىسوراق خەزىنىچىگە يالۋۇ-رۇپ ئۈچ مىڭ تىللا ئالدىم. ئۈچ مىڭ تىللانى ھېلىقى ئىلد-شى بار ئالتە ئادەمگە بەردىم، ئۇلار تىللانى ئېلىپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى. مەن مەسچىتكە بېرىپ جامائەتنى يىغىپ تۇپراق بېشىغا ئاپىرىپ، ئۆلۈكنى باشقىدىن يۇيۇپ - تاراپ، كېپەن-لىككە ئېلىپ، يەرلىككە قويۇپ، دۇئاسىنى ئالدىم، — دەپتۇ.

ئوغلىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆمرىدە كۆرۈل-مىگەن بىر خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ ۋە ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە بىرنى سۆيۈپ:

— خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن، سەن بۇ دۇنيانىڭ سودىسى-نى ئەمەس، ئاخىرەتنىڭ سودىسىنى قىپسەن. ئەقلىڭگە رەھمەت، بالام، ئەمدى ھۇجراڭغا كىرىپ، قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئوبدان ئارام ئال، بۈگۈن سەن تازا چاپا تارتىپسەن، — دەپ بالىسىنى ئۆزى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھنىڭ ئوغۇللىرى چوڭ بوپتۇ. پادىشاھ، يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، كۆزۈم يۇمۇلغۇچە بالىلىرىم جاھاننىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى، ئادەم-لەرنىڭ ياخشى - يامىنىنى كۆرۈپ پىشسۇن. شۇڭا، باشقا شەھەرلەرگە كارۋان ماڭدۇراي، ئوغۇللىرىمنىمۇ شۇ كارۋانغا قوشۇپ ماڭغۇزاي دېگەن ئويغا كېلىپ، ئەتىسىلا: «قول بازى-رىدىن كارۋانغا قىرىق ئادەم سېتىۋېلىنسۇن» دەپ پەرمان بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چاپارمەنلەر شۇ كۈنىلا قول بازىرىغا بېرىپ قاۋۇل قۇللاردىن يىگىرمىنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ. ئەتىسى يەنە ئون توققۇز قول سېتىۋاپتۇ. پادىشاھقا بۇ ئىشنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، پادىشاھ قۇللارنى زادى قى-رىققا تولدۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، يەنە بىر قول

سېتىۋېلىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر ئۆگزۈپ يەنە قول بازىرى-
غا كېتىۋاتسا، ئۇلارغا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، ياقىتىنى
تەمبەل كەلگەن ياش بىر يىگىت ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن
ئەھۋاللىشىپتۇ ۋە ئۇلاردىن ئالدىراش ماڭغانلىقىنىڭ سەۋەبى-
نى سوراپتۇ. چاپارمەنلەر پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە كارۋانغا
ئادەم ئالغىلى كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ
ئىش ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، كارۋانغا ياللىن-
نىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. چاپارمەنلەر قول بازىرىغا
بارماستىن يىگىتنى ئېلىپ ئوردىغا كېلىپ، ئادەم سانىنىڭ
توشقانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرگە: «مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە يولنىڭ تەي-
يارلىقى پۈتتۈرۈلسۇن، قىرىق تۆگە، يۈز دانە چوڭ قىل تاغار
ۋە سودىلىق ماللار تولۇق ئېلىنسۇن. قۇللار ۋە چاكارلار ئۈ-
چۈن بىر قۇردىن كىيىم ـ كېچەك تىكتۈرۈلسۇن، مەنزىلگە
يېتىپ بارغۇچە يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييار قىلىنسۇن»
دەپ ئەمر قىپتۇ.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىق ئىشىغا
كىرىشىپ كېتىپتۇ. سەپەر تەييارلىقى پۈتكۈچە قۇللار ئۆزلى-
رىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. ھېلىقى يىگىت
ئوردىغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ تىنىم تاپماي ئىشلەپتۇ، ئوردا
ئاجايىپ چىرايلىق بىر تۈسكە كىرىپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ
ئۈچ ئوغلى بۇ يىگىتكە ئىنتايىن ئامراق بولۇپ قاپتۇ. بۇ يىگىت-
مۇ كەنجى شاھزادىگە بەكمۇ ئامراق ئىكەن. كەنجى شاھزادىمۇ
مەكتەپتىن يېنىپلا شۇ يىگىتنى تاپىدىكەن، ئۇ نېمە قىلسا
شۇنى قىلىمەن، دەيدىكەن، بىراق يىگىت شاھزادىنى زادى
ئىش قىلدۇرمايدىكەن. ئۇ شاھزادىگە قىزىق ـ قىزىق ھېكايى-
لەرنى سۆزلەپ بېرىدىكەن. شاھزادە يىگىتتىن بەكمۇ رازى

ئىكەن. پادىشاھ يىگىتنىڭ ئوردىغا كەلگەندىن كېيىنكى ئىش-لىرىنى ۋەزىردىن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ، سەپەرگە ئاتلىنىشقا بىر كۈن قالغاندا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئارامگاھىغا چاقىرتىپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ سالام بېرىپ، پەرمان كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭدىن:

— يىگىت، ئېتىڭ نېمە، نەچچە ياشقا كەلدىڭ؟ ئۆزۈڭ قەيەرلىك؟ — دەپ سوراپتۇ. يىگىت:

— ئېتىم ئورنۋاي، يېشىم يىگىرمە، يۇرتۇم مۇشۇ يەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— ئاتا - ئاناڭ، ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىڭ بارمۇ؟ خوتۇن، بالا - چاقاڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئورنۋاي:

— ئاتا - ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم، خوتۇن، بالا - چاقام يوق، تەنها يېتىممەن، — دەپتۇ. پادىشاھ ئورنۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپتۇ.

— ئورنۋاي، مەن ساڭا ئىشەنچ باغلىدىم. بۇ قېتىمقى كارۋانغا سەن باش بولىسەن. ئۈچ ئوغلۇمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئالغىن، ئۇلارغا ئاق بىلەن قارىنى، ياخشى بىلەن يامانني ئايرىشنى ئۆگەت. باللىرىم مۇشۇ سەپەردە ئوبدانراق پىشسۇن. قانداق تەلىپىڭ بولسا دې-گىن، — دەپتۇ پادىشاھ. ئورنۋاي:

— ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق، بىز-گە ئاقيول تىلەپ دۇئا بەرسىلە بولدى، — دەپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن كارۋان سەپەرگە ئاتلىنىشقا تەييار بولۇپ، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئوردا مەسلىھەتچىسىدىن بىرىنى ئورنۋايغا قو-شۇپتۇ، ئاندىن ئوغۇللىرىنى قۇچاقلاپ، ھەربىرىنىڭ پېشانى-سىگە بىردىن سۆيۈپتۇ ۋە سەپەر ئۈستىدە ئورنۋاينىڭ ھەم

مەسلىھەتچىنىڭ سۆزىدىن چىقماسلىقنى تاپىلاپ رازىلىق بىد-
رىپ، ئۇلارغا ئاقيول تىلەپ دۇئا قىپتۇ. پادىشاھ ئادىسىدىن
قالغان بىر ئىتنى ئورىۋايغا بېرىپتۇ.

كارۋانلار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن چۈشتىن كې-
چە مېڭىپ، ئۈچ ئاچا يولغا كېلىپ قاپتۇ. ئورىۋاي بىرىنچى
يولنى كۆرسىتىپ، ئوردا مەسلىھەتچىسىدىن :

— بىزنىڭ بارىدىغان شەھىرىمىزگە بۇ يول بىلەن ماڭسا
نەچچە كۈندە بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:


— يەتتە ئايدا بارىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئورىۋاي
ئىككىنچى يولنى كۆرسىتىپ:

— بۇ يولچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:

— يەتمىش كۈندە بارىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئو-
رىۋاي ئۈچىنچى يولنى كۆرسىتىپتۇ.

— بۇ يولدا ماڭساق يەتتە كۈندە بارىمىز، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ مەسلىھەتچى. ئورىۋاي:

— نېمە ئۈچۈن بۇ يوللارنىڭ بىرى يەتتە ئايلىق، بىرى




يەتمىش كۆنلۈك، بىرى يەتتە كۈنلۈك؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:

— يەتتە ئايلىق يول بىلەن ماڭساق، خەتەرسىز، ئاشلىقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن غەم قىلمايمىز، قونالغۇ جايلىرىمۇ بار. يەتمىش كۈنلۈك يولدا چۆل - جەزىرىلەر بار، جاڭگاللىرىدا يىرتقۇچ هايۋانلارمۇ ئۇچرايدۇ. يەتتە كۈنلۈك يولدا بولسا، ئىككى كۆن مېڭىپ ئۇچىنچى كۈنى ئادەم يۇتىدىغان ئەجدىهانىڭ ماكانىغا بارىدىغان گەپ. ئۇنىڭدىن سالامەت ئۆتەلىسەك، يەنە ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن قاراقچىلارنىڭ ماكانى بار. يۇقىرىدىكى ئىككى توسالغۇدىن ئۆتۈش قىيىن بولغاچقا، كارۋانلار يەتتە ئايلىق يول بىلەن ماڭىدۇ. بىزمۇ مۇشۇ يەتتە ئايلىق يول بىلەن ماڭساقمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ. ئورىۋاي:

— هازىرچە كارۋانلار دەم ئالغاچ چۈشلۈك غىزاسىنى يەۋالسۇن، قالغان گەپ بولسا كېيىن سۆزلىشەرمىز، — دەپتۇ.

كارۋانلار چۈشلۈك غىزالىرىنى يەپ بولۇپ دەم ئېلىشىپتۇ، ئورىۋاي بولسا دەم ئالماستىن شاهزادىلەرگە غىزا راسلاپ



بېرىپتۇ، ئاندىن ئىتنىڭ قورسىقىنىمۇ ئوبدان تويغۇزۇپتۇ. كارۋانلار دەملىرىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ئورنۋاي ھەم-مىسىگە يەتتە كۈنلۈك يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ-تۇ. ئورنۋاينىڭ بۇ قاراملىقىدىن مەسلىھەتچى ھەم باشقىلار ئىنتايىن قورقۇشۇپتۇ، ئەمما ياق دېيىشكىمۇ پېتىنالماپتۇ. چۈنكى ئورنۋاي پۈتۈن كارۋاننى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق ئىكەن. باشقىلار ئامالسىزلىقتىن ئورنۋاينىڭ دېگىنى بويىـ-چە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئۇچىنچى كۈنى دەرەخزارلىق، بۇلاق سۇلىرى ئۆركەشلەپ تۇرغان، ھەر خىل قۇشلار خۇش ئاۋاز بىلەن سايراپ تۇرغان چىرايلىق بىر يەرگە كېلىپ قاپتۇ.

ئورنۋاي كارۋاندىكىلەرگە ماللارنى چۈشۈرۈپ، مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىش توغرۇلۇق بۇيـ-رۇق بېرىپتۇ. كارۋانلار تۆگىلەردىكى ماللارنى چۈشۈرۈپتۇ، تۆگىلەرنى يەم - خەشەك بىلەن تويدۇرۇپ، ئاندىن تاماق پىـ-شۇرۇشقا تۇتۇش قىپتۇ. مەسلىھەتچى ئورنۋايغا:

— مۇشۇ يەردە قونمىساق بولاتتى، — دەپتۇ. ئورنۋاي:

— نېمە ئۈچۈن قونمايمىز؟ — دەپ سوراپتۇ. مەسلىھەتچى:

— مەن دېگەن ئەجدىھانىڭ ماكانى مۇشۇ يەردە ئىدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ باشقا يەردە قونساق ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ. دېگەندەك بىرئازدىن كېيىن ئاسماننى قارا تۇتەك بې-سىپ، دەھشەتلىك بوران چىقىپتۇ، ئارقىدىنلا يامغۇر قۇيۇ-لۇپتۇ. مەسلىھەتچى: «ئەجدىھا كېلىۋاتىدۇ، ھەركىم ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولسۇن» دەپ ۋارقىراپتۇ. كىشىلەر قازان - قو-مۇچلىرىنى تاشلاپ بېشى قايغان تەرەپكە قېچىپتۇ، مەسلىھەت-چىمۇ پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ قېچىپتۇ. بۇ يەردە پەقەت ئورنۋاي بىلەن ئىتلا قاپتۇ. ئەجدىھا ئۇچۇپ كەل-گەن پېتىچە ئورنۋاينىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئورنۋاي چاققانلىق

بىلەن ئىتنى توغرىسىغا تۇرغۇزۇپ، ئۆزى ئىتنىڭ كەينىگە
ئۆتۈۋاپتۇ. ئەجدىھا ھەر قانچە كۇچەپ دەم تارتقان بولسىمۇ،
ئىتنى مىدىرلىتالماپتۇ. شۇ ھامان ئەجدىھا زۇۋانغا كېلىپ:

— ھەي ئىت، سەن باققان ئىگەڭگە ۋاپاسىزلىق قىلغان
ئىتسەن. سەن قولىدىن نان يەۋاتقان ئىگەڭنىڭ كۆزىنى كىد-
چىك ۋاقتىدا يالاپ قارىغۇ قىلىپ قويغانسەن. ئەقىل - ھو-
شى جايىدا باتۇر يىگىتتىن بىرى چىقسا، ئالتۇن پالتا بىلەن
بېشىڭنى تېشىپ، ئالتۇن قوشۇقتا مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى ئې-
لىپ سېنى باققان ئىگەڭنىڭ كۆزىگە سۈرتسە، ئىگەڭنىڭ
كۆزى ۋاللىدە ئېچىلىپ كېتەتتى، — دەپتۇ. ياراتقان ئىگىسى
ئىتقىمۇ زۇۋان بېرىپتۇ. ئىت:

— ئالدىمىزدىكى شەھەردە تۇغۇلغىنىغا تۆت يىل بولغان
بىر ئوغۇل بالا ھازىرغىچە قۇيۇپ قويغان كېسەكتەك يېتىپ-
تۇ. جاھاندا سېنى ئۆلتۈرىدىغان باتۇر يىگىتتىن بىرى چىق-
قان بولسا، سېنىڭ تېرەڭدىن بىر تاسمىلىق ئېلىپ ئەنە شۇ
بالىنى شۇ تېرىگە بىر كېچە ئالسا، ئۇ بالا كۆزىنى ئېچىپ،
پادىشاھ دادىسىنىڭ ئالدىدا ئويناپ - كۇلۇپ يۇرگەن بولاتتى، —
دەپتۇ. ئەجدىھا بىلەن ئىت ئوتتۇرىسىدىكى سۆز ئارىلىقىدا
ئورىۋاي ئىككى بىقىنىغا ئىككى قىلىچنى مەھكەم باغلاپ تەي-
يار بولۇۋاپتۇ، ئاندىن ئىتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەجدى-
ھا پۇتۇن كۇچىنى يىغىپ تۇرۇپ دەم تارتىپتىكەن، ئورىۋاي
ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ كەينىدىن چىقىپتۇ. ئەجدىھا:

— ئەمدى ئۆلگەنسەن؟ — دەپ ۋارقىرىغانىكەن، ئورىۋاي
ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەن ئۆلدۇڭمۇ، مەن ئۆلدۇممۇ؟ ئىشەنمىسەڭ بىر
سىلكىنىپ باققىن، — دەپتۇ. ئەجدىھا بىر سىلكىنىپتىكەن،
شۇ ھامان ئىككىگە بۆلۈنۈپ يەرگە يىقىلىپتۇ. ئورىۋاي ئىت-

www.uyghurkitap.com



نىڭ دېگەن سۆزى بويىچە ئەجدىھانىڭ تېرىسىدىن بىر تاسمى-
لىق تىلىپ ئېلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ. ئاندىن بىر چىنار دەرە-
خىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ نەرە تارتقانىكەن، تەرەپ - تەرەپكە
قېچىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار
كېلىپ قارىسا، تاغدەك بىر ئەجدىھا يەردە ئىككى پارچە بولۇپ
ياتقان. ئۇلار ھەيران بولۇپ تۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئورىۋاي:

— قېنى، ئەمىسە قورسىقىڭلارنى ئوبدان تويغۇزۇپ، تۆ-
گىلەرنى، قېچىرلارنى ئوتلىتىڭلار، ئاندىن خۇدايىم بۇيرۇسا،
سەھەردە سەپەرگە ئاتلىنىمىز، — دەپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن كارۋان يەنە سەپەرگە ئاتلىنىپ-
تۇ. ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى
كۈنى شۇنداق مەنزىرىسى گۈزەل، كۈمۈشتە قويۇرۇلغان تام-
لىرى بار يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئورىۋاي كارۋانغا:

— يۇكنى چۇشۇرۇڭلار، بۇگۇن مۇشۇ يەردە قونىمىز، — دەپتۇ. مەسلىھەتچى:

— مەن دېگەن قاراقچىلارنىڭ ماكانى دەل مۇشۇ يەر. ھازىر قاراقچىلارنىڭ بىزنى كۆرمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتەيلى. يەنە بىر كۈن يول يۈرسەك، ئەتىسى بىز دېگەن شەھەرگە بارىمىز، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. ئورىۋاي مەسلىھەتچىنىڭ سۆزىگە ئۇنىماي:

— كىم قارشىلىق قىلىدىكەن، كاللىسىنى ئالىمەن. بۇگۇن مۇشۇ يەردە دەم ئېلىپ، ئەتە سەھەردە يولغا چىقىمىز، — دەپتۇ. كارۋانلار ئىلاجسىزلىقتىن تۆگىلەردىكى يۇكنى چۇشۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۇ يەر - بۇ يەرگە گۇلخان يېقىپ چاي قاينىتىپ، قورساق تويغۇزۇشقا ئولتۇرۇپتۇ.

قاراقچىلار بۇگۇن ھېچ يەرگە چىقماي ئۆزلىرىنىڭ ماكانىدا داش قازانغا پۇتلاپ - پۇتلاپ گۆشنى سېلىپ قويۇپ، ھاراق - شاراب ئىچىشىپ، خۇشال - خۇرام بەزمە قىلىۋاتقانىكەن. شۇ ئەسنادا قاراقچىلارنىڭ بىرى ھاجەت قىلغىلى تالاغا چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپ قارىسا، بىر توپ تۆگە بىلەن بىر مۇنچە ئادەملەر بەخىرامان ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتقان. قاراقچى ئارقىسىغا يېنىپ كىرىپ باشلىقىغا ئەھۋالنى دەپتۇ. بۇ خەۋەردىن قاراقچىلار باشلىقى بەكمۇ خۇشال بوپتۇ. ئۇ:

— مانا قاراڭلار، بىزنى بۇگۇن بۇلاڭ - تالاڭغا چىقالمىدى دەپ، ياراتقان ئىگەم ئولجىنى ئالدىمىزغا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. بۇمۇ بىز ئۇچۇن غەنىيمەت. ھازىرلا ئىككىڭلار چىقىپ ئۇلارنى بېسىقتۇرۇۋېتىپ كىرىڭلار، — دەپ ئىككى قاراقچىنى چىقىرىپتۇ.

قاراقچىنىڭ دەرۋازىدىن چىقىپ يەنە ئۆيگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كارۋاندىكىلەردىن بىرى كۆرگەنىكەن. ئۇ بۇنى باش-

قىلارغا دىگەندىن كېيىن ھەممىسى تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپتۇ، ئورىۋاي بولسا، قولىغا قىلىچ ئېلىپ دەرۋازىنىڭ يان تەرىپىگە مۆكۈپ تۇرۇپتۇ. ئىككى قاراقچى باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دەرۋازىدىن چىقىپتۇ. ئورىۋاي ئۇلار چىقىشى بىلەنلا كاللىسىـ سىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ئۆيدىكى قاراقچىلار ھاراق ـ شارابنى ئىچىپ، گۆشنى يەپ، چىقىپ كەتكەنلەرنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار كىرمىگەندىن كېيىن، قاراقچىلار باشلىقى يەنە تۆت قاراقچىنى چىقىرىپتۇ. ئورىۋاي ئۇلارنىڭمۇ كاللىسىـ نى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. ھېلىقى تۆت قاراقچىمۇ كىرمىگەندىن كېيىن، قاراقچىلار باشلىقى بىرئاز ئويلىنىپ: «بۇلار قاتتىق جەڭ قىلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، يەنە ئونىڭلار چىقىڭلار» دەپ ئون قاراقچىنى چىقىرىپتۇ. ئورىۋاي بۇلارنىڭمۇ كاللىسىنى ئاپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى زادى نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەل ـ مەي، ئاچچىقىدا: «ھەممىڭلار چىقىڭلار» دەپتۇ. بۇ قاراقچىلارمۇ دەرۋازىدىن چىقىپلا كاللىسىدىن ئايرىلىپتۇ. ئەڭ ئاخىردا قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئۆزى چىققانىكەن، ئورىۋاي ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ، ئاندىن ئورىۋاي قاراقچىلار ـ نىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ نەرە تارتىپتىكەن، ئەتراپقا قېچىپ كەتكەنلەر قايتىپ كەپتۇ. ئۇلار يەردە ياتقان قىرىق بىر قاراق ـ چىنىڭ بېشى بىلەن تېنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ، ئو ـ رىۋايغا ئاپىرىن ئوقۇپتۇ، ئاندىن ھەممىسى خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇپ چايلىرىنى ئىچىشىپ، ئارامخۇدا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن كارۋانلار ئەتىگەنلىك تامىقىنى يېيىشىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى تۆگىلەرگە ئارتىپ سەپەرگە ئاتـ لىنىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۆزلىرىنىڭ بارماقچى بولغان شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئۆز شەھىرىگە كېلىدىغان

سودىگەرلەرنى كۆتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ سىرتىغا توختىتىپ قويغان ئادەملىرى بار ئىكەن. ئۇلار قانداقلا كارۋان كەلسۇن، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باشلاپ بارىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، پادىشاھنىڭ تۇغۇلۇپ تۆت يىلغىچە كۆزىنى ئاچماي، خۇددى قۇيۇپ قويغان كېسەكتەك ياتقان ئوغلىنى داۋالاپ ساقايتىدىغان بىرەر تېۋىپ چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن شۇنداق قىلىدىكەن. پادىشاھ ئورىۋاينىڭ كارۋىنىنىمۇ ناھايىتى ياخشى قارشى ئېلىپ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، ئېسىل تائاملار بىلەن مېھمان قىپتۇ. داستىخانلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانلارغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

— ھەربىرلىرىگە مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ تۇغۇلغىنىغا تۆت يىل بولغان بىر ئوغلۇم بولۇپ، ھازىرغىچە كۆزىنى ئاچماي خۇددى كېسەكتەك ياتىدۇ. ئۆلدىمىكىن دېسەم تىنىقى بار. بالىنىڭ دەردىگە چىدىماي ئانىسى كېسەل بولۇپ ياتىدۇ، ئاچىسىمۇ كۈندە يىغلاپ ساراڭ بولاي دەپ قالدى. ئۆزۈممۇ نېمىنى ئېلىپ، نېمىنى قويغىنىمنى، باشقىلارغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ھەربىرلىرىنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئاشۇ بالامنى داۋالاپ ساقايتىپ بەرگۇدەك بىرەر تېۋىپ بارمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ. ئورىۋاي ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— بالا قەيەردە؟ مەن بالىنى كۆرۈپ، بىر ئامال قىلىپ باقاي، ياراتقان ئىگەم شىپالىق بەرسە ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئورىۋاينىڭ قوللىدىن يېتىلەپ، ئوغلى ياتقان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئورىۋاي بالىنىڭ بەدەنلىرىنى سىلاپتۇ، كۆزىنى ئۇۋۇلاپتۇ، ئاندىن:

— مەن بالىنى ساقايتىمەن، مەن بالىنى تەكشۈرۈپ

بولغۇچە ھەربىرلىرى تالاغا چىقىپ تۇرۇشسىلا، — دەپتۇ پا-
دىشاھ ۋە باشقىلار تالاغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئورنۋاي بالىنى ئۆ-
گەپ قويغان كۆرپىدىن يېشىپ، ئاندىن تۇغما قىلىتىپ ئەجدى-
ھانىڭ تاسمىسى بىلەن پۇتىدىن تارتىپ مورىسىگىچە ئوراپ باغ-
قۇزۇپ قويۇپتۇ، ئاندىن تالاغا چىقىپ قارىسا، پادىشاھ، خانىش،
مەلىكە ۋە ۋەزىرلەر توپلىشىپ ئورنۋاينى ساقلىشىپ تۇرۇشقا-
نىكەن. ئورنۋاي ئۇلارغا:

— بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن بالىنىڭ قېشىغا كىرىمىز. ھازىرچە ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشى بىلەن بولاي-لى. مەن خەۋەر بەرمىگۈچە ھەرقانداق ئادەمنىڭ بالا ياتقان ئۆيگە كىرىشىگە بولمايدۇ، — دەپتۇ، ئاندىن كارۋاندىكىلەرگە بالىنىڭ قېشىغا كىرىدىغان ۋاقىت توشقۇچە يۈكلەرنى چۈشۈ-رۈۋېتىپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ، كۆ-ڭۈل ئېچىپ كېلىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ ۋە خىراجەت ئۈچۈن ئازراقتىن كۈمۈش، تىللا بېرىپتۇ. كارۋانلار ئورنۋايدىن مىن-نەتدار بولۇپ، تۆگىلەردىكى مالنى ئوردىنىڭ ئىچىگە چۈشۈ-رۈپتۇ، ئاندىن ھەممىسى توپ - توپ بولۇشۇپ شەھەر كوچى-لىرىنى ئايلىنىپتۇ. ئۇلار شەھەرنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران بو-لۇشۇپ، كەچكە يېقىن ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

بالىنى يېشىدىغان ۋاقىتمۇ توشۇپتۇ. ئورنۋاي پادىشاھنى، خانىشنى، مەلىكىنى، ۋەزىرلەرنى ۋە مەسلىھەتچى بىلەن شاھزادىلەرنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئورنۋاي بالىغا قاراپ:

— قېنى، ئوغلۇم، بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم دەپ كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دەپتۇ.

بالا شۇ ھامان: «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ كۆ-زىنى ئېچىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ، خانىش، مەلىكىلەر ھوشىدىن كېتىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇلارغا سوغۇق سۇ سېپىپ ھو-



www.uyghurkitap.com

شىغا كەلتۇرۇپتۇ. ئورنۇاي بالىنى يۆگىگەن كۆرپىنى ۋە ئەج-
دىھانىڭ تاسمىسىنى يېشىپتۇ. بالا ئۇيان ـ بۇيان قىمىرلاپ:
«بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئو-
رنۇايغا، دادىسىغا، ئاپىسىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپتۇ. بۇ مۆجىزى-
دىن ھەممىسى ھەيران قاپتۇ ۋە خۇشال بوپتۇ.
پادىشاھ شۇ كۈنىلا پۈتۈن شەھەر خەلقىگە يەتتە كېچە ـ
كۈندۈز توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. شەھەر خەلقى ھېچ
ئىش قىلماستىن تەييار تاماقلارنى يەپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل،
ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن يەتتە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ ئو-
رنۇاي باشلىق پۈتۈن كارۋاندىكىلەرگە ئوردىدا چوڭ زىياپەت
بېرىپ، ھەممىسىگە ئېسىل رەختلەردىن تون كىيگۈزۈپتۇ. پا-
دىشاھ ئورنۇايغا:
— قانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ. خالىسىڭىز مۇشۇ
قىزىمنى سىزگە تۇتىمەن، — دەپتۇ. ئورنۇاي:
— ئۇلۇغ شاھىم، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، پەقەت
يوغان قىل تاغاردىن يۈز دانە كېرەك. قىزىڭىز ھەققىدىكى
گەپكە كەلسەك، مەن كېيىنكى قېتىم كەلگەندە جاۋابىنى بې-
رەي. سىزگە، خانىش ئايىمغا، قىزىڭىزغا ۋە يېڭىدىن دۇنياغا
كۆز ئاچقان ئوغلىڭىزغا سالامەتلىك تىلەيمەن، — دەپ قولد-
نى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىپتۇ.
پادىشاھ ئورنۇاينىڭ تەلىپى بويىچە يۈز دانە يوغان قىل
تاغار تەييار قىلدۇرۇپتۇ. ئورنۇاي ئېلىپ كەلگەن ماللارنى پا-
دىشاھقا سوۋغا ئورنىدا بېرىۋېتىپ، يەنە ئاتمىش تۆگە ئېلىپ،
تۆگىلەرنى يۈز قىلىپ، ئەتىسى پادىشاھ ۋە ئوردا ئەھلىلىرى
بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار بىر كېچە ـ
كۈندۈز يول يۈرۈپ، ھېلىقى قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا يېتىپ
كەپتۇ. تۆگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ماللارنى چۈشۈرۈپ ئوتلاققا

قويۇپ بېرىپتۇ، ئۆزلىرى قورساقلىرىنى تويدان تويغۇزغاندىن كېيىن قاراقچىلارنىڭ ماكانىغا كىرىپتۇ. بۇ يەردە قاتارسىغا سېلىنغان ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بار ئىكەن، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى قۇلۇپلاقلىق ئىكەن. ئورنۋاي قىلىچىنى چىقىرىپ بىرىنچى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ كىرسە، ئۆينىڭ ئىچى لىق ئالتۇن بىلەن تولغانىكەن. ئىككىنچى ئۆينىڭ قۇلۇپىنى چېقىپ كىرسە، ئۆينىڭ ئىچى لىق تىللا بىلەن تولغانىكەن. ئۈچىنچى ئۆي بولسا، مەرۋايىت، تۆتىنچى ئۆي ياقۇت، بەشىنچى ئۆي پۇتۇنلەي گۆھەر بىلەن، باشقا ئۆيلەر زىلچا - گىلەم، تاۋار - دۇردۇن، كىمخاب، ئەتلەسلەر بىلەن تولغانىكەن. كارۋانلار بۇ بايلىقلارنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپ، كۆزلىرى چانقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قاپتۇ. ئورنۋاي:

— قېنى ئەمسە، تاغارلارغا ئالدى بىلەن گۆھەرلەرنى قاچىلاڭلار، ئاندىن تىللالارنى قاچىلاڭلار، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالتۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن مەرۋايىت، ياقۇت، زىلچا - گىلەملەر، كىمخاب - شايىلارنى قاچىلاڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. كارۋانلار قاراقچىلارنىڭ ئەلنى بۇلاپ يىغقان دۇنيالىرىنى تاغارلارغا قاچىلاپتۇ. ئاندىن ئورنۋاي ئۇلارغا:

— سىلەرمۇ يانچۇقۇڭلارنى قۇرۇق قويماڭلار، ھەربىر-ىڭلار ھازىرچە مىڭدىن تىللا ئېلىڭلار، قالغىنىنى ئوردىغا بارغاندىن كېيىن ئالىسىلەر، — دەپتۇ. كارۋانلار خۇشال بولۇشۇپ، مىڭ تىللادىن يانچۇقىغا سېپتۇ. ئۇلار تاغارنىڭ ئاغزىنى تىكىپ تۆگىلەرگە ئارتىپ، ھەممە ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كارۋان سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار ئىككى كۈن يول يۈرۈپ، ئەجدىھانىڭ ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ، ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۆزلىرىنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ.

قاتار كېلىۋاتقان يۈز تۆگە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى تاغار ـ تاغار ماللارنى كۆرگەن شەھەر خەلقى ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇلارنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىنى ئوردا چاپارمىنى پادىشاھقا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ داقا ـ دۇمباق، ناغرا ـ كانايلار بىلەن ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

كارۋانلار ئوردىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ئالدى بىلەن ئۈچ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ، ئاندىن كارۋان بېشى ئورىۋاي بىلەن، ئاندىن مەسلىھەتچى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، ئوردا ئىچى جىمجىتلىققا چۆمۈپتۇ. ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ باللىرىدىن بۇ قېتىمقى سەپەر ئەھۋالىنى سوراپتۇ. كەنجى شاھزادە سەپەر جەريانىدا يولۇققان ئىشلارنى، ئورىۋاينىڭ باتۇرلۇقلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، پادىشاھ پۈتۈن ئوردا ئەھلى ۋە كارۋانلارنى ئوردا مەيدانىغا يىغىپ شۇنداق دەپتۇ:

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئورىۋاي شەھىرىمىزنىڭ پادىشاھى بولىدۇ، چۈنكى مەن قېرىپ قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىلا كۆزۈم كۆرمەيدۇ. ئورىۋاينىڭ يەنە قانداق تەلىپى بولسا ئوتتۇرىغا قويسۇن، ئورۇندايمەن.

ئورىۋاي شۇنداق دەپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، تەختتە يەنىلا ئۆزلىرى ئولتۇرىۋەرگەيلا، سىلىنىڭ باشلىرى ياستۇققا يەتكەندە پادىشاھلىق كەنجى ئوغۇللىرىغا قالىدۇ. ئەمدى مېنىڭ سىلىدىن سورايدىغىنىم، بىرىنچىسى، ئاشۇ بىز بىلەن سەپەرگە چىققان ئىتلىرىنى ماڭا بەرسىلە، ئىككىنچىسى، ئالتۇن ئايپالتا بىلەن ئالتۇن قوشۇق ھازىرلاپ بەرسىلە.

پادىشاھ دەرھال ئىت بىلەن ئالتۇن ئايپالتا، ئالتۇن قو-



شۇنى ئورنۇاينىڭ ئال-
دىغا كەلتۈرۈپتۇ.
ئورنۇاي تۈگمەننىڭ
ئالدىغا بىر پارچە قىش
تاشلاپتۇ، ئىت گۆشكە
تۇمشۇقىنى ئاپىرىشى
هامان مېڭىسىگە پالتا
بىلەن بىرنى ئۇرۇپتۇ،
ئارقىدىنلا ئالتۇن قو-
شۇق بىلەن ئىتنىڭ
مېڭىسىنى ئېلىپ پادى-
شاهنىڭ كۆزىگە سۈر-
كەپتۇ. پادىشاهنىڭ كۆ-
زى شۇ هامان ۋاللىدە
ئېچىلىپتۇ. پۈتۈن جاهاننى كۆزى بىلەن كۆرگەن پادىشاھ خۇ-
شاللىقىدىن هوشىدىن كېتىپتۇ. ئورنۇاي پادىشاھنى يۆلەپ
تۇرغۇزۇپ، سۇ چېچىپ هوشىغا كەلتۈرۈپتۇ.

ئورنۇاي پادىشاھقا قاراپ: «ماڭا بىر دۇئا بەرسىلە» دېگە-
نىكەن، پادىشاھ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ، يۈزىنى
سىلاپ كۆزىنى ئاچسا، ئالدىدا تۇرغان ئورنۇاي يوق. پادىشاھ:
«بۇ قانداق ئىش؟» دەپ تۇرغاندا، ئەرشتىن: «مەن سىزنىڭ
كەنجى ئوغلىڭىز يەرلىككە قويغان ئۆلۈكنىڭ روھىمەن» دېگەن
ئاۋاز كەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ كەنجى ئوغلىنى قايتا-
قايتا سۆيۈپ باغرىغا بېسىپتۇ.

كۆزى ئېچىلغان پادىشاھ يۇرتنى تېخىمۇ ئوبدان سوراپ
ئۆتۈپتۇ.

# قېرىماس ياشلىق

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىرلا خانىشى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ياش ھەم چىرايلىق ئىكەن. ئۇلار توي قىلىپ بىرنەچچە يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر پەرزەنت كۆرەلمەپتۇ، نۇرغۇن چارە - ئاماللارنى قىلىپ بېقىپتۇ، لېكىن ھېچبىر پايدىسى بولماپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر كۈنى پادىشاھ يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە ھەم پال ئاچىدىغان، ھەم تېۋىپلىق قىلىدىغان بىر بوۋاينىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. بوۋاي:

— كىمنىڭ ئىشى بولسا، شۇ ئۆزى كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ خانىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنى ئېلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بوۋاي پادىشاھنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە:

— ئۇلۇغ پادىشاھئالەم، سىز نېمە ۋەجىدىن مېنىڭ مۇساپىر كەپەمگە قەدەم تەشرىپ قىلدىڭىز؟ قانداق ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ. پادىشاھ:

— مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم پەرزەنت كۆرۈشۈم ئۈچۈن، خاسىيەتلىك دورىلىرىڭ بولسا، مەن شۇنى تەلەپ قى-

لىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

— مەندە خاسىيەتلىك دورا بار، بۇ دورا سىزنى [illegible]-ىڭىزغا يەتكۈزىدۇ، سىز ئوغۇل پەرزەنت كۆرىسىز، لېكىن ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزدا بولالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ نېمىلا بولمىسۇن، پەرزەنت كۆرىدىكەنمەن دەپ دورىنى ئېلىپ، خۇشاللىقىدا ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ ئۆز دەرگاھىغا قايتىپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ پادىشاھنىڭ خانىشى ھامىلىدار بوپتۇ، پۈتۈن ئوردا خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىقمۇ ئۇزۇنغا بارماپتۇ. خانىشنىڭ قورسىقىدىكى بالا كېچە - كۈندۈز يىغلاپ، خانىشنى بىئارام قىلغىلى تۇرۇپتۇ، قانداقلا قىلسىمۇ، بۇ بالىنىڭ يىغىسىنى توختىتالماپتۇ. خانىشنىڭ ئاي - كۈنى ئاللىقاچان توشقان بولسىمۇ، بالا يىغلاپ تۇرۇۋېلىپ قورساقتىن چۈشكىلى ئۇنىماپتۇ. پادىشاھ قايغۇغا چۆمۈپ:

— مېنىڭ جانجىگەر قوزام، يىغلىما، سەن تۇغۇلۇپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، مەن ساڭا بارلىق دۇنيايىمنى ئاتا قىلىپ، يىراق - يېقىندىكى شەھەرلەرگە پادىشاھ قىلاي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. بالا توختىماي يىغلاۋېرىپتۇ. پادىشاھ ئەڭ ئاخىردا:


— يىغلىما، قوزام، مەن ساڭا قېرىماس ياشلىق، ئۆلمەس ھايات ئاتا قىلاي، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن بالا ساق - سالامەت تۇغۇلۇپتۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پادىشاھ پۈتۈن يۇرت خەلقىگە قىرىق كېچە - كۈندۈز ئاش - تاماق تارتىپ، توي - تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، بۇ بالا ئەقىللىق، زېرەك، باتۇر بولۇپ ئۆسۈپتۇ ۋە مەكتەپكە كىرىپتۇ. باشقا بالىلار بىر يىلدا ئوقۇيدىغان دەرسنى بۇ بالا بىر ئايدىلا ئۆگىنىپ بولىدى-

كەن. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، پۈتۈن خەل-
قىئالەم ئالدىدا ماختىنىپ يۈرۈپتۇ. لېكىن، بۇمۇ ئۇزۇنغا بار-
ماپتۇ. بالا بارا - بارا كەم سۆز بولۇپ قاپتۇ ۋە نېمىدۇر بىر-
نەرسىدىن ئازابلىنىپ يۈرۈپتۇ. پادىشاھ شاھزادىسىنىڭ ئۇن بەش
ياشقا تولغانلىقىنى خاتىرىلەپ ئوردىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ-
تۇ. زىياپەت تازا قىزىۋاتقاندا، بۇ بالا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:
— ئاتا، سىز مەن تۇغۇلۇش ئالدىدا قىلغان ۋەدىڭىزگە
ئەمەل قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى، — دەپتۇ. بۇنىڭدىن ئالاقىزادە
بولغان پادىشاھ نېمە قىلىشىنى بىلمەي:
— بالام، مەن پەقەت سېنىڭ ئامان - ئېسەن تۇغۇلۇشۇڭنى
كۆزلەپ شۇنداق دېگەنىدىم، — دەپتۇ.
— ئۇنداقتا، مەن شۇ نەرسىنى تاپقانغا قەدەر پۈتۈن ئىق-
لىمنى كېزىپ چىقىشنى قارار قىلدىم، — دەپتۇ شاھزادە.
بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ۋە بارلىق ئەمەلدارلار شاھزادە ئالدىدا
پۈكۈلۈپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ پەيلىدىن يېنىشىنى، ئور-
دىدىن كەتمەسلىكىنى سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. شاھزادىنىڭ ئانىسى-
مۇ نەسىھەت قىلىپ، دادىسىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى، دادى-
سىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇشىنى، مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ
گۈزەل قىزلاردىن تاللاپ ئۆيلىنىشىنى ئېيتىپتۇ، لېكىن بار-
لىق نەسىھەتلەرنىڭ ھەممىسى شاھزادىنىڭ ئىرادىسىنى بو-
شاشتۇرالماپتۇ. ئۆز ئوغلىنىڭ نىيىتىدىن يانمىغانلىقىنى
كۆرگەن پادىشاھ ئاخىر ئوغلىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ.
شاھزادە سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن پادىشاھنىڭ ئاتخانى-
سىغا كىرىپ، ئەڭ چىرايلىق، يۈگۈرۈك ئاتتىن بىرنى تاللاپتۇ،
لېكىن ئۇ ئات ھەرقانچە قىلسىمۇ شاھزادىنى يېقىن يولاتماپتۇ.
باشقا ئاتلارمۇ شاھزادىنى يېقىن كەلتۈرمەپتۇ. ئاخىردا شاھزادە
ئاتخانىدىن چىقىپ كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ كۆزى ئېغىل-

نىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ھەم ئورۇق، ھەم يىغىر بېسىپ كەت-
كەن ئاتقا چۈشۈپتۇ. شاھزادە ئاتنى تۇتۇپ، دۈمبىسىنى سىلىغا-
نىكەن، ئات شۇ زامات زۇۋانغا كېلىپ:
— ئەي يىگىت، ماڭا نېمە ھاجىتىڭ چۈشتى؟ خۇداغا
شۈكۈر، مېنى لازىم تاپقان بولساڭ، مەن خىزمىتىڭگە تەييار،
كۆزلىگەن مەقسىتىڭگە يېتىش ئۈچۈن سەن ئالدى بىلەن ئا-
تاڭدىن ياش ۋاقتىدا كىيگەن كىيىمىنى، ئاسقان قىلىچىنى،
ئوقيا ۋە قالقانلىرىنى سورىۋالغىن، مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن
سۈتكە بۇغدايىنى قوشۇپ بوغۇز تەييارلاپ، ئالتە ھەپتە
باققىن، — دەپتۇ.
شاھزادە ئاتنىڭ دېگىنى بويىچە ئاتىسىدىن بۇ نەرسىلەرنى
سوراپتۇ. ئاتىسىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن شاھزادە
بارلىق ساندۇقلارنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئاختۇرۇپ، ئاخىر
بىر كونا ساندۇق ئىچىدىن ئاتىسىنىڭ ياش ۋاقتىدا كىيگەن
كىيىم - كېچەك، ئىشلەتكەن قورال - ياراغلىرىنى تېپىپتۇ.
بۇ قوراللار ئاللىقاچان داتلىشىپ كەتكەنىكەن.
شاھزادە قوراللارنى سۈرتۈپ - تازىلاپ ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈپتۇ. ئاتنى ئالتە ھەپتە راسا بېقىپتۇ. ئاتنىڭ بارلىق يېغى-
رى ساقىيىپ، سەمرىپ، چىرايلىقلىشىپ، قانات چىقىرىپ
ئۇچار ئاتقا ئايلىنىپتۇ. سەپەرنىڭمۇ بارلىق تەييارلىقلىرى پۈ-
تۈپتۇ. شاھزادە ئاتقا يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن يولغا چىقىدى-
غانلىقىنى ئېيتىپتۇ.
ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە شاھزادە قىلىچ، ئوقيالارنى
ئېسىپ، ئۇچار ئاتقا مىنىپ يولغا ھازىرلىنىپتۇ. بۇ چاغدا
ئوردىدىكى پادىشاھ، خانىش، ۋەزىرلەردىن تارتىپ بارلىق ئە-
مەلدار ۋە ئاددىي خەلقلەرگىچە شاھزادىنىڭ بۇ سەپەردىن ۋاز
كېچىشىنى سوراپتۇ، بىراق شاھزادە ھەممىنى رەت قىلىپ،



ئىككى يۈز لەشكەر-
نىڭ ھەمراھلىقىدا
شەھەرنىڭ چوڭ
دەرۋازىسىدىن ھەيۋەت
بىلەن يولغا چىقىپ-
تۇ. ئۇ ماڭا - ماڭا
بىر چۆلگە كەلگەندە،
ئۆزىنىڭ بارلىق تە-
ئەللۇقاتىنى ھېلىقى
ئىككى يۈز لەشكەر-
گە ئۈلەشتۈرۈپ بې-
رىپ، ئۇلارنى پادى-
شاھنىڭ دەرگاھىغا
قايتۇرۇپ، ئات بىلەن
يالغۇز يولغا راۋان بوپتۇ. ئۈچ كېچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن
بىر جاڭگالغا كېلىپ قونالغۇ قىپتۇ. ئەتراپ تولىمۇ قورقۇنچ-
لۇق بولۇپ، دۆۋە - دۆۋە ئادەم ئۇستىخىنىدىن باشقا ھېچ نەرسە
كۆرۈنمەپتۇ. بۇ چاغدا ئات شاھزادىگە:

— ئىگەم، بىلىۋاتامسىز، بىز قورقۇنچلۇق ئالۋاستى دۆ-
لىتىگە كېلىپ قالدۇق. ئۇ ئىنتايىن يامان مەخلۇق. كىمـ-
دەكىم ئۇنىڭ دۆلىتىگە قەدەم باسسا، دەرھال ئۆلتۈرىدۇ.
ئەسلىدە ئۇ بىر ئايال ئىدى، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭ-
لىمىغاچقا، ئاتا - ئانىسى ئۇنى قارغاپ تۆمۈرتۇمشۇق
ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇ ھازىر بالىلىرى بىلەن
ئويناۋاتىدۇ، ئەتە سەھەردە سىز ئۇنى ئۇچرىتىسىز. لېكىن،
سىز ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ قورقۇپ كەتمەڭ ، ئوقيالىرىڭىزنى
تەييارلاپ قويۇڭ، قىلىچ ۋە قالقانلىرىڭىزمۇ سىز بىلەن

بىللە بولسۇن، — دەپتۇ ۋە ئىككىسى نۆۋەت بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى قۇياش ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چاغدا، شاھزادە ئورماندىن ئۆتۈشكە تەييارلىنىپتۇ. شۇ ئەسنادا بىر نەرسىنىڭ دەرەخ چوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئات:

— تەييارلىنىڭ، ئىگەم، تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قارا بورانلار چىقىپ، دەرەخلەر سۇنۇپ، ئالەم ئاستىن - ئۈستۈن بولغاندەك بوپتۇ، قارىسا، تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. شاھزادە تەمتىرىمەستىن ئوقيانى بەتلەپ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىغا ئاتقانىكەن، ئالۋاستىنىڭ بىر پۇتى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالۋاستى شاھزادىگە يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— مېنى كەچۈر، شاھزادە، مەن ساڭا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، — دەپتۇ. شاھزادە ئىشەنمىگەنىكەن، ئالۋاستى ئۆز قېنى بىلەن شاھزادىگە قەسەم بېرىپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ جېنىنى ئامان قويۇپتۇ.

— ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن، شاھزادە، — دەپتۇ ئۇ شاھزادىگە قايىل بولۇپ، — ھازىر سەن مېنى يەڭدىڭ. ھازىرغىچە مېنىڭ دۆلىتىمگە قەدەم باسقانلار ئۆز جانلىرىغا زامىن بولغانىدى. ئەنە قاراپ باققىن، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرى ھازىرغىچە تۇرۇپتۇ.

تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىنى ئۆز دەرگاھىدا كاتتا مېھمان قىپتۇ. زىياپەت تازا قىزىۋاتقان ۋاقىتتا تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى شاھزادىگە يالۋۇرۇپ، ئاجراپ كەتكەن پۇتىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپتۇ. شاھزادە ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ھې-

لىقى پۈتىنى ئۆز جايىغا تېگىپ ساقايتىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستى ئۈچ كېچە - كۈندۈز زىياپەت قىلىپ شاھزادىنى باشقىدىن مېھمان قىپتۇ ۋە ھۆر قىزلار ئىچىدىن بىرنى تاللاپ شاھزادىگە بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ، بىراق شاھزادە بۇنىڭغا ئۇنىماپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ زادى نېمىنى ئىزدەپ بۇ جايغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بولۇپ، خوشلىشىپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

شاھزادە ماڭا - ماڭا يەتتە كېچە - كۈندۈزدىن كېيىن چايانلار مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىنىڭ سىڭلىسىنىڭ مەملىكىتى ئىكەن. ئەسلىدە بۇ چايانمۇ تۆمۈرتۇمشۇق ئالۋاستىغا ئوخشاش سەۋەب بىلەن چايان قىياپىتىدىكى بىر چوڭ مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغانىكەن. بۇ چاغدا شاھزادە يەنە ئېتىدىن قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ. ئات:

— بۇ چايانغا ئايلانغان مەخلۇق ئاچىسىدىنمۇ يامان. ئۇ ئاچىسى بىلەن دۇنيا تالىشىپ داۋاملىق ئۇرۇشۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى قايناپ تاشقاندا، ھەممە جانلىقنى چېقىپ ئۆلتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ بېشى بار. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق قىلىش كېرەك، بولمىسا، ھالاك بولىمىز، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە بارلىق تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، جەڭگە ھازىر بوپتۇ. بۇ چاغدا ئاسمان - زېمىن گۈلدۈرلەپ، ئۈچ باشلىق چايان دەھشەت بىلەن كېلىۋاتقۇدەك. شاھزادە چايان بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ، چايانىنىڭ بىر بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىپتۇ. چايان يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپتۇ ۋە شاھزادىنى يەتتە كېچە - كۈندۈز مېھمان قىلىپ، كەچۈرۈم سوراپتۇ. شاھزادە جاۋابەن ئۇنىڭ كېسىلگەن بېشى-

نى ئۆز جايىغا تىكىپ ساقايتىپ قويۇپ، ئۇ يولىغا راۋان بولۇپ-
تۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ بىر جايغا كەپتۇ. بۇ جاي شۇنچە-
لىك گۈزەل ئىكەنكى، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار
سايراپ، سۇپسۇزۇك سۇلار ئېقىپ تۇرىدىكەن، گۈللەرنىڭ ئېسىل
پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ ئادەمنى مەست قىلىدىكەن. شاھزادە
بۇ جايدا بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئات ئۇنىڭغا:

— ئىگەم، بىز ناھايىتى تەسلىكتە بۇ جايغا كەلدۇق، ئالدىمىزدا يەنە بىر خەتەرلىك ئورمان بار، ئۇ يەردە ئەك ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلار بار. ئورماندىن ئۆتسەكلا بىر ئوردا بار. شۇ ئوردىدا قىرىماس ياشلىق، ئۆلمەس ھايات ساقلىنىدۇ. بىز ئورماننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتىمىز. ئۇچقان ۋاقتىمدا يالىمغا چىڭ ئېسىلىڭ، ئىككى پۇتىڭىزنى بىقىنىمغا چىڭ بېسىڭ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇچۇش سۈرئىتىمگە تەسىر يېتىدۇ، — دەپتۇ - دە، ئۇچۇشقا باشلاپتۇ.



ئۇلار بارغانسېرى ئېگىز ئۆرلەپ ئۇچۇپتۇ، ئاستىدا ھەشەمەتلىك ئوردا كۆرۈنۈپتۇ. ئۇلار ئەمدىلا ئوردىنىڭ بىر پاناھلانغۇدەك جايىنى كۆزلەپ چۈشەي دېگۈچە، ئاتنىڭ بىر پۇتى دەرەخ شاخلىرىغا تېگىپ كېتىپ، پۇتۇن ئورمانلىق سىلكىنىپ كېتىپتۇ. بۇنى تۇيۇپ قالغان دەھشەتلىك ياۋايى ھايۋانلار تەرەپ - تەرەپتىن

ھۆركىرەپ جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا، ئوردىدىكى بىر ساھىبجامال قىز غايىبتىن كەلگەن مېھمانلارنى كۆرۈپ بەك خۇشال بوپتۇ ۋە ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى، بۇ قىز تاكى ھازىرغىچە بىرەر ئادەمزاتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. ئۇ ھايۋانلارغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇۋېتىپتۇ. بۇ قىز خۇددى پەرىزات-تەكلا چىرايلىق ئىكەن.

— كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمەن، شاھزادە، بۇ يەرگە قانداق بولۇپ كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپتۇ ساھىبجامال قىز.

— قېرىماس ياشلىق، ئۆلمەس ھاياتنى ئىزدەپ كېلىپ قالدىم، — دەپتۇ شاھزادە.

— سىز ئىزدىگەن نەرسە بۇ يەردە بار، — دەپتۇ ۋە ئوردىغا باشلاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇز-غانلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە يەنە بىر - بىرىدىن گۈزەل ئىككى قىز تۇرغۇدەك، ئۇلار ھېلىقى قىزنىڭ ئاچىلىرى ئىكەن. قىزلار بۇ ئادەمزات ماكانىدىن كەلگەن كىشىنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بوپتۇ ۋە كاتتا زىياپەتلەر تەييارلاپ ئۇنى كۈتۈۋاپتۇ. زىياپەتتە ئىشلەتكەن تاماق قاچىلىرىدىن تارتىپ چوكىلىرىغىچە ھەممىسى ئالتۇن ئىكەن. ئاتمۇ ياخشى كۈتۈلۈپتۇ، ئۇنىڭ بەھۇزۇر يايلىشىغا شارائىت يا-رىتىپ بېرىلىپتۇ. شاھزادىنى ئورمانىدىكى بارلىق ياۋايى ھايۋانلارغا تونۇشتۇرۇپتۇ.

قىزلار شاھزادىنىڭ قامەتلىك، كېلىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى بۇ يەردە ئۆزلىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ قېلىشقا ئۈندەپ-تۇ، چۈنكى ئۇلارمۇ يالغۇزلۇقتىن زېرىككەنىكەن. قىزلارنىڭ بۇ گېپى شاھزادىگە يېقىپتۇ - دە، قېلىشقا ماقۇل بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ، شاھزادىمۇ قىزلار بىلەن خېلى

چىقىشىپ قاپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرى- نى، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنى بىر- بىرلەپ ئۇلارغا سۆز- لەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزلار ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېچىنىپ- لۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شاھزادىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. شاھزادە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ھەم ئەڭ چىرايلىقى بىلەن توي قىپتۇ. تويدىن كېيىن قىزلار يە- گىتنىڭ بۇ يەردىكى خالىغان جايغا بېرىپ ساياھەت قىلسا بولى- دىغانلىقىنى، لېكىن بىرلا جايغا بېرىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بۇ جاي «ھالاكەت ئازگىلى» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەرگە بارسا، ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىغانلىقىنى تاپىلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھزادە بۇ يەردە قانچىلىك ۋاقىت تۇر- غانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي خېلى ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپتۇ. ۋاقىت ئۇزارسىمۇ يېڭى كەلگەن ۋاقتىدىكىدەك ياپياش تۇرۇپ- تۇ. ئوردىدىكى خىلمۇ خىل گۈللەر، جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدى- غان ساپ ھاۋا ئۇنىڭ قەلبىنى يايرىتىپ، ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىپتۇ. ئۇ دائىم دېگۈدەك ئوۋ ئوۋلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى ئۇ بىر توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، بىرنەچچە قېتىم ئوق ئاتسىمۇ ئۇنىڭغا تەگكۈزەلمەپتۇ. ئاخىر غەزەپ بىلەن يەنە بىر تال ئوق ئاتقانىكەن، توشقانغا تېگىپتۇ، لېكىن توشقان ئۆلمەي قېچىپ كېتىپتۇ. شاھزادە توشقاننى قوغلا - قوغلا ھېلىقى ھالاكەت ئازگىلىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ توشقاننى ئېلىپ ئوردىغا قايتىش سەپىرىدە، تۇساتتىنلا ئاتا - ئانىسىنى ئويلاپ قاپتۇ ۋە روھى چۈشكۈن ھالدا ئۆيىگە كەپتۇ. خوتۇنى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىسىمۇ، دېگىلى ئۇنىماپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭ مەيۈسلەنگەن قىياپىتىدىن نې- مە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ قاپتۇ.

— ئەي بەختسىز شاھزادە، سىز چوقۇم ھالاكەت ئازگىلى-

دىن ئۆتۈپسىز، — دەپتۇ خوتۇنى تولىمۇ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا.
— مەن ھەرگىزمۇ قەستەن ئۇ يەرگە بارمىدىم، مەن ھازىر ئاتا - ئانامنى ئىنتايىن سېغىنىماقتىمەن، لېكىن سىزدىنمۇ ئايرىلغۇم يوق. مەن شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان سىز بىلەن بۇ يەردە تۇرۇپ، قىلچىمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلمىغانىدىم. مەن بېرىپ ئاتا - ئانامنى بىر كۆرۈپلا قايتىمەن، كېيىن بۇ يەردىن زادىلا كەتمەيمەن، — دەپتۇ شاھزادە.
— بۇ يەردىن كەتمەڭ، ئاتا - ئانىڭىز نەچچە يۈز يىل بۇرۇنلا ئۆلۈپ تۈگىدى. ئەگەر ئۇ يەرگە بارسىڭىز، سىزمۇ ئۆلۈپ تۈگەيسىز، — دەپتۇ خوتۇنى.
ئوردىدىكى قىزلار ۋە ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئاتنىڭ نەسىھەتلىرى شاھزادىنى ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈش مەقسىتىدىن زادىلا قايتۇرالماپتۇ. ئاخىردا ئات ئۇنىڭغا:
— ئىگەم، ئەگەر سىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي چوقۇم قايتىمەن دېسىڭىز، مېنىڭ شەرتىم بار، سىز شۇنى ئادا قىلسىڭىز ئاپىراي، — دەپتۇ.
— ئادا قىلىمەن، قېنى شەرتىڭنى سۆزلە، — دەپتۇ شاھزادە.
— سىز ئاتا - ئانىڭىزنىڭ يېنىغا بارغاندىن كېيىن بىر كۆرۈپلا قايتىسىز، ئەگەر بىر سائەتتىن ئۇشۇق تۇرۇپ قالسىڭىز، مەن سىزنى قالدۇرۇپ، ئۆزۈم قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ ئات.
— بولىدۇ، — دەپتۇ شاھزادە.
شۇنىڭ بىلەن شاھزادە سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، ئوردىدىكى قىزلار بىلەن بىر - بىرلەپ خوشلىشىپتۇ. خوتۇنى يىغا - زار قىلىپ ئۇزىتىپ قاپتۇ.
ئۇ ماڭا - ماڭا چايان مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا،

بۇ يەرنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. بۇ يەردە ھەشەمەتلىك يېڭى ئىمارەتلەر پەيدا بولۇپ، ئورمانلىقمۇ پاكىز يېشىل تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەردىكى كىشىلەردىن ئىلگىرىكى چاياننىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورىغانىكەن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن شۇنداق بىر رىۋايەتنى ئاڭلىغانلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. بۇ ئاجايىپ گەپقۇ، دەپ ئويلاپتۇ شاھزادە ۋە ئۆزىنىڭ بۇرۇن بۇ يەردىن ئۆتكەندىكى ئەھۋاللارنى شۇ يەردىكى كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغانلار: «بۇ نېمە دەۋاتىدۇ، كۈپكۈندۈزدە ئالجىپ يۈرىدىغۇ؟» دەپ مەسخىرە قىپتۇ. ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن شاھزادە ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ بېقىپتۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئۆسۈپ، چاچلىرى قاردەك ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى قىلچىمۇ ھېس قىلماپتۇ.

ئۇ، ئۇ يەردىن چىقىپ تۇمۇرتۇمشۇق ئالۋاستىنىڭ مەملىكىتىگە كەلگەنىكەن، بۇ يەردىمۇ چايان مەملىكىتىدە كۆرگەن ئەھۋاللارغا ئوخشاشلا ئىلگىرىكى ئىشلاردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق، ھەممىلا جاي باشقا بىر دۇنيا بولۇپ كەتكەنىكەن. شاھزادە بۇنىڭغىمۇ ھەيران بولۇپ، يەنە ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئاللىقاچان ئاقىرىپ مەيدىسىگە چۈشكەنىكەن، ئۆزىمۇ مۈكچىيىپ يۈز ياشلىق بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ قاپتۇ.

ماڭا - ماڭا ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ مەملىكىتىگە كېلىپ قاپتۇ. قارىسا، ئادەملەرمۇ بۇرۇنقى ئادەملەرگە ئوخشىمىغۇدەك، شەھەرلەرمۇ باشقىچە، بۇرۇنقى ئوردا - سارايلارنىڭ ئورنى باغۇ بوستانلىققا ئايلانغان. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ خارابىلىك بىر جايغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا ئات شاھزادىگە:

— يۈرۈك، ئەمدى تېز قايتايلى، ئەگەر مەن بىلەن قايت-



www.uyghurkitap.com

مىسىڭىز، مەن دەرھال قايتىمەن، — دەپتۇ.

— سەن قايتقىن، مەنمۇ ئۇزۇنغا قالماي ئارقاڭدىن بارار-مەن، — دەپتۇ شاھزادە ئانچە پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە. شۇنىڭ بىلەن ئات ئوقتەك ئۇچۇپ كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

يالغۇز قالغان شاھزادە خارابىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ قا-رىغۇدەك بولسا، بۇ يەر ئىلگىرى ئۆزى توغۇلۇپ ئۆسكەن جاي ئىكەن. ئەتراپتا ئازغان - تىكەنلەر ئۆسۈپ كەتكەن، چىرىپ كەتكەن ئادەم ئۇستىخانلىرى تۇرغۇدەك. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئەسكى ئۆيدىن بىر دانە كونا ساندۇق-نى ئۇچرىتىپ قاپتۇ، ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، بىر كىچىك قۇتا چىقىپتۇ، قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچاي دېيىشىگە، قۇتا ئىچىدىن:

— بالام، سەن كېچىكتىڭ، مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەش-تىم، — دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ - دە، قاياقتىندۇر بىر شاپىلاق كاچىتىغا ئۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادە يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قاپتۇ.



[General Information]
书名=维吾尔民间故事 7 维吾尔文
SS号=40250805

www.uyghurkitap.com